

# مەرىپەت

1
2021

دىنىي، ئىلمىي، ئەدەبىي، ئىجتىمائىي پەسىللىك ژۇرنال

2021- يىللىق 1- سان (ئومۇمىي 34- سان)



❁ جامائەتلىشىش توغرىسىدا

❁ دىنىي ئىلىملەر ۋە بەشەرىي ئىلىملەر

❁ سودا – تىجارەتنىڭ ئىسلامدىكى ئورنى

❁ ياشلارنىڭ ئىزىپ كېتىشىدىكى سەۋەبلەر

# مۇكاپاتلىق ئەسەرلەر سەھىپىسى

## كەڭ ئوقۇرمەنلىرىمىز ۋە ئاپتورلىرىمىز سەمىگە...

ژۇرنىلىرىمىز قايتا نەشر قىلىنىپ ئالتىنچى يىلىغا قەدەم قويدى. بۇ جەرياندا بىز مۆھتەرەم ئاپتورلىرىمىزنىڭ ۋە ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ قىزغىن قوللاپ-قۇۋۋەتلىشى، شۇنداقلا ئىزچىل رىغبەتلەندۈرۈپ تۇرۇشى نەتىجىسىدە بۇ ئازغىنە ئەمگىكىمىزنى داۋام قىلىپ بۈگۈنگە ئۇلاشتۇق.

شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ژۇرنال تەھرىر ھەيئىتىدىكىلەرنىڭ ئۆزئارا مەسلىھەت قىلىشىشى ۋە ئەتراپىمىزدىكى سەممىي ئىلىم ھېرىسمەنلىرىنىڭ ئاكتىپ ئاۋاز قوشۇشى ئارقىسىدا، ھەر ساندا بىر نەپەر مۇنەۋۋەر ئاپتورنى باھالاپ چىقىش ۋە ئۇلارغا ئاز بولسىمۇ كۆڭلىمىزنى ئىپادىلەشنى لايىق تاپتۇق.

ھەر ساندا ئىلگىرىكى ساندا مۇكاپات نامزاتى سالاھىيىتىگە مۇشەررەپ بولغان بىر نەپەر ئاپتورنىڭ نام شەرىپى ۋە ئېرىشكەن مۇكاپات سوممىسى ئېلان قىلىنىدۇ.

باھالاشقا قاتناشتۇرۇلىدىغان ئەسەرلەر:

1. تەتقىقات خاراكتېرىدىكى ئەسەرلەر.
2. ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ دىنىي ۋە ئىجتىمائىي مەسىلىلىرىگە ئالاقىدار مۇھاكىمە خاراكتېرىدىكى ئەسەرلەر.
3. تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە ئەسەرلەر.
4. مائارىپ توغرىسىدا يېزىلغان ئەسەرلەر...

شۇ مۇناسىۋەت بىلەن كەڭ ئاپتور قېرىنداشلىرىمىزنىڭ بىزنى يۇقىرىقى ساھەلەر بويىچە ئەسەر بىلەن تەمىنلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

ئاخىرىدا بارلىق ئوقۇرمەن قېرىنداشلارنىڭ ئادىللىقنى تۈتقا قىلغان ئاساستا، ئەسەرلەرگە ئۆزىنىڭ باھا ۋە پىكىرلىرىنى يېزىپ، ژۇرنىلىرىمىزنىڭ مەخسۇس ئېلخەت ئادرېسىغا يوللىشىنى، بىزنى پائال قوللاپ-قۇۋۋەتلەپ بېرىشىنى سورايمىز.

كامالى ئېھتىرام بىلەن: «مەرىپەت ژۇرنىلى» تەھرىراتى

100
دوللار

ئالدىنقى ساندا مۇھەممەتئىمىن
بىشارەت مۇكاپاتقا لايىق كۆرۈلدى.

مۇبارەك بولسۇن!

# مۇندەرىجە


ئاللاھنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىدىغان مۇئمىنلەر..........
..............................مۇھەممەد يۈسۈپ 5

ئىسلام شەرىئىتىدىكى ئاسانلىق كۆرۈنۈشلىرى...........
..........................ئابدۇلئەھەد ھاپىز 12

قۇرئان كەرىمدە تىلغا ئېلىنغان مەزلۇملاردىن ئۇيغۇر
خەلقىگە نەزەر............ئابدۇللا ئارمان 18

دىنىي ئىلىملەر ۋە بەشەرىيەت ئىلىملىرى...............
...............قارىيە مۇئمىن مەمنۇن تەرجىمىسى 28

سىياسىي پاناھلىق ھىجرىتى ۋە ئۇيغۇرلار.........
.........ئابدۇراھمان جامال كاشغەرى 36

جامائەتلىشىشنىڭ زۆرۈرىيىتى ۋە تەخىرسىزلىكى.........
...........................مۇھەممەتئىمىن تارىم 48

سودا ـ تىجارەتنىڭ ئىسلامدىكى ئورنى ۋە ئۇنىڭ
پەزىلەتلىرى..........ئابدۇمىجىت مۇھەممەتئىمىن 56

ئاتالغان روھلار......................تاھىرجان 64

ياشلاردىكى ئېزىپ كېتىشنىڭ ئاساسلىق سەۋەبلىرى......
...........................ئابدۇۋارىس روزى 75

ھۆكمى ئىلاھىي..........ئەركىن تالىپ تەييارلىغان 79

شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابى...................
..............ئابدۇللا روزىمۇھەممەت تەييارلىغان 82



دىنىي، ئىلمىي، ئەدەبىي، ئىجتىمائىي
پەسىللىك ژۇرنال

2021

1-سان (ئومۇمىي 34-سان)



ژۇرنال مەسئۇلى:
سىراجىدىن ئەزىزى

مەسئۇل مۇھەررىرى:
مۇھەممەد يۈسۈپ

تەھرىر ھەيئەتلەر:
ئابدۇرېھىم دۆلەت
ئابدۇلئەھەد ھاپىز
ئابدۇلئەھەد ئۇجات
ئابدۇلئەھەد ئۇچقۇن
ئاتاۋۇللا سەئىد
تاھىرجان
مۆمىنجان سىدىق
ئوبۇلقاسىم ئەھمەدى
(ئىسىملار ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە تىزىلدى)



مۇشتەرىي بۆلۈك
ئەسەر ئەۋەتىڭ
پىكىر ـ تەكلىپ بېرىڭ
www.meripetjournal@gmail.com
www.merifet.net

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# كەڭ ئوقۇرمەن ۋە ئاپتورلار سەمىگە...

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ھۆرمەتلىك قېرىنداشلار!

ژۇرنىلىمىز قايتا نەشر قىلىنىپ 6 ـ يىلىغا قەدەم قويدى. بۇ جەرياندا ژۇرنال مەسئۇلى ۋە تەھرىر ھەيئەتدىكىلەرنىڭ، شۇنداقلا بىزنى قوللاپ كېلىۋاتقان قەدىرلىك ئاپتورلارنىڭ ئىزچىل تىرىشچانلىقى ۋە ئىخلاسى بىلەن ھەر سان ژۇرنالنى قولىمىزدىن كېلىشىچە ئەڭ ياخشى چىقىرىشقا ۋە بەلگىلەنگەن قەرەلدە ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرۈشكە كۆچەپ كەلدۇق.

خۇددى بىز تونجى ساندا ئەسكەرتكىنىمىزدەك، ژۇرنىلىمىز مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىمىزنىڭ دىنىي چۈشەنچىسىنى ئاشۇرۇش، مەنىۋى دۇنياسىنى بېيىتىش، ئۆزئارا چۈشىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، شۇنداقلا ئانا تىلىمىزنى قوغداشنى ئاساسىي نىشان قىلغان.

بۇ يىل يەنى 2020 ـ يىلىدىن باشلاپ «ئۆلىمالار ژۇرنىلى» نامىدا يېڭىدىن بىر ژۇرنال تەسىس قىلىنغان بولۇپ، مەزكۇر ژۇرنال خاراكتېر جەھەتتىن پۈتۈنلەي دىنىي ۋە ئىلمىي ژۇرنال قىلىپ بېكىتىلدى. شۇڭلاشقا بىز «مەرىپەت ژۇرنىلى»نى ئىلگىرىكىگە قارىغاندا بىر قەدەر ئېچىۋېتىلگەن، ئۇنىۋېرسال بىر نەشر ئەپكارى قىلىپ، يېڭىچە تۈس ۋە قىياپەتتە ئوقۇرمەنلىرىمىز بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرۈشنى قارار قىلدۇق.

ئېچىۋېتىش دېگىنىمىز ژۇرنىلىمىزنىڭ ئەسلىدىكى نىشان ۋە پرىنسىپلىرىدىن چەتنەش دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى تېخىمۇ كۆپ خىللىشىش، ھەر خىل ژانىرلارغا ئىستون ئاجرىتىش، ئەدەبىي، بەدىئىي، ئىلمىي، ئىجتىمائىي ساھەلەردە قەلەم تەۋرىتىدىغان قېرىنداشلارغا سەھنە ھازىرلاش دېگەنلىكتۇر.

مۇھاجىرەتتىكى قېرىنداشلىرىمىز ئىچىدە قەلەم قۇۋۋىتى ياخشى، پىكرى ئىلغار، ئىپادىلەش ئىقتىدارى يۇقىرى، تۈرلۈك ژانىرلاردا ئەسەر يازالايدىغانلار ئاز ئەمەس. بىز سىلەرگە سەھنە ھازىرلىدۇق، بىز ھەر قاچان سىلەرنىڭ خىزمىتىڭلاردا...

قېنى قېرىندىشىم، ئانا تىلىمىزغا بولغان سۆيگۈڭىزنى ئەمەلىي ئىقتىدارىڭىز ئارقىلىق ئىپادىلەڭ. سىزنىڭ قەلىمىڭىزدىن تەپچىگەن ئانا تىل مۇھەببىتى ژۇرنىلىمىز قۇرلىرىدا ئەكس ئەتسۇن، ئەسەرلىرىڭىزدە دولقۇنلىغان گۈزەل سەتىرلەر ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ ھارغىن روھىغا كۈچ ـ قۇۋۋەت، تەشنا قەلبىگە ئابىھايات بولسۇن...

ھۆرمەت بىلەن:

—— «مەرىپەت ژۇرنىلى» تەھرىراتى



# ئاللاھنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىدىغان مۆئمىنلەر

مۇھەممەد يۈسۈپنىڭ (نەشر قىلىنىش ئالدىدىكى) «تەپسىر جەۋھەرلىرى»دىن تاللانما

﴿إِنَّ اللَّهَ يُدَافِعُ عَنِ الَّذِينَ آمَنُوا إِنَّ اللَّهَ لَا يُحِبُّ كُلَّ خَوَّانٍ كَفُورٍ (38) أُذِنَ لِلَّذِينَ يُقَاتَلُونَ بِأَنَّهُمْ ظُلِمُوا
وَإِنَّ اللَّهَ عَلَى نَصْرِهِمْ لَقَدِيرٌ (39) الَّذِينَ أُخْرِجُوا مِنْ دِيَارِهِمْ بِغَيْرِ حَقٍّ إِلَّا أَنْ يَقُولُوا رَبُّنَا اللَّهُ وَلَوْلَا دَفْعُ
اللَّهِ النَّاسَ بَعْضَهُمْ بِبَعْضٍ لَهُدِّمَتْ صَوَامِعُ وَبِيَعٌ وَصَلَوَاتٌ وَمَسَاجِدُ يُذْكَرُ فِيهَا اسْمُ اللَّهِ كَثِيرًا وَلَيَنْصُرَنَّ اللَّهُ
مَنْ يَنْصُرُهُ إِنَّ اللَّهَ لَقَوِيٌّ عَزِيزٌ (40) الَّذِينَ إِنْ مَكَّنَّاهُمْ فِي الْأَرْضِ أَقَامُوا الصَّلَاةَ وَآتَوُا الزَّكَاةَ وَأَمَرُوا بِالْمَعْرُوفِ
وَنَهَوْا عَنِ الْمُنْكَرِ وَلِلَّهِ عَاقِبَةُ الْأُمُورِ﴾ (41)

## تەرجىمىسى:

38 - ئاللاھ (ھەقىقىي) مۆئمىنلەرنى چوقۇم قوغدايدۇ، ئاللاھ ھەرقانداق خىيانەتچى، تۇزكور بەندىنى ھەرگىز دوست تۇتمايدۇ.

39 - ھۇجۇم قىلىنغۇچىلارغا زۇلۇمغا ئۇچرىغانلىقى ئۈچۈن (قارشىلىق كۆرسىتىشكە) رۇخسەت قىلىندى. شەكسىزكى، ئاللاھ ئۇلارغا ياردەم بېرىشكە ئەلۋەتتە قادىردۇر.

40 - ئۇلار پەقەت «رەببىمىز ئاللاھتۇر» دېگەنلىكى ئۈچۈنلا، ئۆز يۇرتلىرىدىن ناھەق ھەيدەپ چىقىرىلغان ئىدى. ئەگەر ئاللاھ ئىنسانلارنىڭ بەزىسى بىلەن توسۇپ تۇرمىسا، راھىبلارنىڭ ئىبادەتخانىلىرى، چېركاۋلار، يەھۇدىيلارنىڭ ئىبادەتخانىلىرى ۋە ئاللاھنىڭ نامى كۆپ يادلىنىدىغان مەسجىدلەر ئەلۋەتتە ۋەيران قىلىناتتى. كىمكى ئاللاھنىڭ دىنىغا ياردەم بېرىدىكەن، ئەلۋەتتە ئاللاھ ئۇنىڭغا ياردەم بېرىدۇ. شەكسىزكى، ئاللاھ ناھايىتى كۈچلۈكتۇر، غالىبتۇر.

41 - ئاللاھنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىدىغانلار شۇنداق كىشىلەركى، ئەگەر بىز ئۇلارنى يەر يۈزىدە ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلساق، ئۇلار نامازنى مۇكەممەل ئوقۇيدۇ، زاكات بېرىدۇ، كىشىلەرنى ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇيدۇ، يامان ئىشلاردىن توسىدۇ. ئىشلارنىڭ ئاقىۋىتى ئاللاھقا مەنسۇپتۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر تور ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## تەپسىرى :

شەكسىز ھەقىقەت شۇكى، ئاللاھ تائالاغا ئىمان ئېيتىپ، شۇ ئىمانغا لايىق ياشىغان ۋە ئەقىدىسىدە مۇستەھكەم تۇرغان ھەقىقىي مۇئمىنلەرنى ئاللاھ تائالا چوقۇم قوغدايدۇ، ئۇلارنى دۈشمەنلىرىنىڭ يامانلىقلىرىدىن ۋە سۇيىقەستلىرىدىن ساقلايدۇ، ئۇلارغا ياردەم ۋە نۇسرەت ئاتا قىلىدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالا ھەقىقىي مۇئمىنلەرنىڭ مەدەتكارىدۇر. شۇمۇ ئېنىقكى، ئاللاھ تائالا ئامانەتكە خىيانەت قىلىدىغان، ۋەدىسىنى بۇزىدىغان، سۆزىدە تۇرمايدىغان، نېمەت بەرگۈچىگە شۈكۈر قىلمايدىغان، ياخشىلىققا تۇزكورلۇق قىلىدىغان رەزىل مەخلۇقلارنى قەتئىي ياقتۇرمايدۇ، مۇنداقلارنى ھەرگىز دوست تۇتمايدۇ. ئاللاھ تائالا يەنە ساختا ئىلاھلارغا چوقۇنىدىغان، بۇتلارغا، مازارلارغا ئاتاپ قۇربانلىق قىلىدىغان مۇشرىكلارنىمۇ ئەلۋەتتە ياقتۇرمايدۇ.

ئىسلام دەۋىتىنىڭ مەككە دەۋرىدە، مۇسۇلمانلار ئىنتايىن ئاجىز، سانى ئاز ئىدى، مەككىلىك مۇشرىكلار مۇسۇلمانلارنى ئىسلام دىنىدىن قايتۇرۇش ئۈچۈن قولىدىن كەلگەن ۋەھشىيلىكلەرنىڭ ھەممىسىنى قىلاتتى، مۇشرىكلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇنىڭ ساھابىلىرىگە گاھ تىلى بىلەن، گاھ قولى ۋە ھەرىكىتى بىلەن كۆپ ئەزىيەتلەرنى قىلاتتى. ھەتتا بەزىدە ساھابىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بۇ مۇشرىكلارنىڭ قىلمىشلىرىدىن شىكايەت قىلاتتى. ئەھۋال شۇنداق داۋاملىشىۋەردى. بۇ ئارىدا مۇشرىكلار تېخىمۇ ھەددىدىن ئاشتى، مۇسۇلمانلارنى تېخىمۇ بەك بوزەك قىلىدىغان، تېخىمۇ خورلايدىغان، خالىغانچە تۇتۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىدىغان دەرىجىگە يەتتى. بۇ ئازاب - ئوقۇبەتلەرگە چىداپ بولالمىغان مۇسۇلمانلار ئاۋۋال ھەبەشىستانغا (ھازىرقى ئېفىئوپىيەگە)، ئاندىن مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھىرىگە ھىجرەت قىلىشقا مەجبۇر بولۇپ قالدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرى بىلەن مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ كەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە بارغاندىن كېيىن، ئۇ جايدا مۇسۇلمانلار جامائىتىنى بەرپا قىلدى. ئەمما مەككىلىك مۇشرىكلار مەدىنىگە ۋە ھەبەشىستانغا كەتكەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆي - ۋارانلىرىنى بۇزۇپ تاشلاپ، مال - مۈلۈكلىرىنى تالان - تاراج قىلىپ، بالىچاقىلىرىنى قاتتىق قىيىن - قىستاقلارغا ئالغىلى تۇردى. مەدىنىدە بۇ ئېچىنىشلىق ئەھۋالنى ئاڭلاپ تۇرغان ساھابىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن مەككىلىك مۇشرىكلارنىڭ بۇ جەۋر - زۇلۇملىرىغا قارشى ئۇرۇش قىلىشنى تەكرار - تەكرار ئىلتىماس قىلغان بولسىمۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالادىن بىر ئەمر - پەرمان بولمىغۇچە ئۇرۇش قىلمايدىغانلىقىنى ۋە سەۋر قىلىش لازىملىقىنى ئېيتاتتى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مەدىنىدە «ھۇجۇم قىلىنغۇچىلارغا، زۇلۇمغا ئۇچرىغانلىقى ئۈچۈن، (قارشىلىق كۆرسىتىشكە) رۇخسەت قىلىندى» دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى.

شۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلغان ۋە بىرىنچى بولۇپ ئۇرۇش ئاچقان كاپىرلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىشى ئۈچۈن ئاللاھ تائالا تەرەپتىن رەسمىي رۇخسەت كەلگەن بولدى.

ئۇرۇش قىلىش ئىسلام دىنىدا ئەڭ ئاخىرقى چارە بولۇپ، ئىسلام دىنى مەسىلىنى ئۇرۇشسىز ھەل قىلىشنى ئەڭ ئالدىنقى ئورۇندا قويىدۇ. مۇسۇلمانلار بىكاردىن بىكارغا ئۇرۇش قىلىشنى تەلەپ قىلغان ئەمەس، چۈنكى مەككىلىك مۇشرىكلار ئۇ

جايدىكى مۇسۇلمانلارنى ئۆز يۇرتىدىن قوغلاپ چىقارغان، مال - مۈلۈكنى تالان - تاراج قىلغان ۋە ئۇلارنىڭ بالىچاقىلىرىنى ئەڭ ۋەھشىي شەكىلدە ئازابلىغان بولۇپ، بىر جۈملە سۆز بىلەن ئېيتقاندا، مۇسۇلمانلار ھەر تەرەپتىن زۇلۇمغا ئۇچرىغان ئىدى. بۇنداق ئەھۋالدا، ئۇلارنىڭ زۇلۇمغا قارشى تۇرۇشى تامامەن ھەقلىق ئىدى. شۇنداقتىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىنى كۈتتى، سەۋر قىلدى، ساھابىلىرىنىمۇ سەۋر قىلىشقا بۇيرىدى. ئاخىرى زۇلۇمغا قارشىلىق كۆرسىتىشكە ئاللاھ تائالا رەسمىي رۇخسەت بەردى. ئاللاھ تائالا ئەلۋەتتە مۇئمىنلەرگە ياردەم قىلىشقا ۋە ئۇرۇشسىزمۇ ئۇلارنى غەلىبىگە ئېرىشتۈرۈشكە قادىردۇر. لېكىن ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارنىڭ ئىتائەتچانلىقىنى سىناش، ئۇلارنىڭ ھەق يولىدا قان - تەر ئاققۇزۇپ ئەجىر سىڭدۈرۈش ئارقىلىق ئاخىرەتنىڭ كاتتا مۇكاپاتلىرىغا سازاۋەر بولۇشىنى خالىغانلىقتىن، ئۇلارنى ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىشقا ۋە تائەت - ئىبادەت ئۈچۈن جاپا چېكىشكە بۇيرۇغان. ئەڭ مۇھىمى بۇ سىناق دۇنياسىدا ئاللاھ تائالا مۇئمىنلەرنىڭ ئىمانىنى ۋە ساداقىتىنى سىناپ كۆرۈشنى خالىغان.

ئاللاھ تائالا بۇ مۇئمىنلەرنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلىپ: ﴿ئۇلار پەقەت «رەببىمىز ئاللاھتۇر» دېگەنلىكى ئۈچۈنلا، ئۆز يۇرتلىرىدىن ناھەق ھەيدەپ چىقىرىلغان ئىدى﴾ دېگەن. توغرا، ئۇلار «رەببىمىز ئاللاھتۇر» دېگەنلىكى ئۈچۈنلا ئۆز يۇرتلىرىدىن قوغلاپ چىقىرىلغان ئىدى. بۇرۇج سۈرىسىدىكى بىر ئايەتتە: ﴿(ئۇ زالىملار) مۇئمىنلەردىن پەقەت ئۇلارنىڭ غالىب، مەدھىيەگە لايىق، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پادىشاھلىقى ئىلكىدە بولغان ئاللاھقا ئىمان ئېيتقانلىقى ئۈچۈنلا ئۆچ ئالغان ئىدى.﴾[1] دەپ كەلگەن.

ئى ئىنسانلار! ئاللاھ تائالانىڭ مۇئمىنلەرگە ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن رۇخسەت بەرگەنلىكىدىن ۋە ئۇنىڭ ئۇلارغا دۈشمەنلىرىگە قارشى ياردەم بېرىشكە ۋەدە قىلغانلىقىدىن، شۇنداقلا مۇئمىنلەرنى جىھادقا چاقىرغانلىقىدىن ئەجەبلەنمەڭلار. ئەگەر ئاللاھ تائالا پەيغەمبەرلىرىنى ۋە مۇئمىنلەرنى زالىم كۈچلەرگە قارشى ئۇرۇش قىلىشقا بۇيرۇمىغان بولسا ئىدى، دۇنيانى يولسىزلىق ۋە جەۋر - زۇلۇم قاپلىغان، ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىنىدىغان ئورۇنلار يەر يۈزىدىن يوق قىلىنغان، خرىستىيانلارنىڭ چېركاۋلىرى، يەھۇدىيلارنىڭ ئىبادەتخانىلىرى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئاللاھ تائالانى كۆپ ياد ئېتىدىغان مەسجىدلىرى ئاللىبۇرۇن يەر بىلەن يەكسان بولغان بولاتتى.

ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ دىنىغا ياردەم بەرگەنلەرگە ئەلۋەتتە ياردەم قىلىدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالا ھەممىدىن كۈچلۈك ۋە ھەممىگە قادىردۇر. ھېچقانداق بىر كۈچ ئۇنى يېڭەلمەيدۇ.

## ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا ياردەم قىلىش قانداق بولىدۇ؟

ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا ياردەم قىلىش دېگەننىڭ مەنىسى: ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا ئەمەل قىلىش، ئىخلاس قىلىش ۋە بۇ دىنغا ھەقىقىي تەۋە بولۇش، ئاللاھ تائالاغا ئەمەلىي رەۋىشتە ئىتائەت، ئۇنىڭ ئەمر - پەرمانلىرىنى ئورۇنداش، ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە

[1] بۇرۇج سۈرىسى: 8 - ئايەت.

شتائەت قىلىش، ئاللاھ تائالانىڭ كىتابىغا تولۇق ئەمەل قىلىش، دىننى بار كۈچى بىلەن قوغداش دېگەنلىكتۇر. شۇنداق قىلغان ئادەم ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا ياردەم بەرگەن بولىدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالا ھەممىگە قادىر ۋە ھەممىدىن بىھاجەتتۇر. ئۇ كىشىلەرنىڭ ياردىمىگە موھتاج ئەمەس. ئىسلام دىنىنى شۇنداق مۇستەھكەم تۇتۇپ ماڭغان ئادەمگە ئاللاھ تائالا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە چوقۇم ياردەم بېرىدۇ. بۇ شەك قوبۇل قىلمايدىغان ھەقىقەتتۇر. «ئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەر ئاللاھقا (ئۇنىڭ دىنىغا) ياردەم بەرسەڭلار، ئاللاھ سىلەرگە (دۈشمىنىڭلارغا قارشى) ياردەم بېرىدۇ، قەدەمىڭلارنى (جىھاد مەيدانىدا) مۇستەھكەم قىلىدۇ»[1].

«قۇرئان كەرىم»نىڭ بۇ ئوچۇق ۋە ئېنىق بايانلىرىدىن كېيىن، ئۆزىمىزنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ دىنىدىن قانچىلىك يىراقلىشىپ كەتكەنلىكىمىزنى بىلىپ تۇرۇپ، قايسى يۈزىمىز بىلەن«ئاللاھ بىزگە ياردەم قىلمىدى» دېيەلەيمىز؟ بىز ئاللاھ تائالا تەلەپ قىلغان شەكىلدە مۆئمىن بولالىدۇقمۇ؟ بىز راستىنلا ئۇنىڭ دىنىغا ياردەم قىلدۇقمۇ؟ ياق! بىز پەقەت «مۇسۇلمان»دېگەن ئىسىم بىلەنلا بۇ دىنغا ئۆزىمىزنى مەنسۇپ قىلىپ كېلىۋاتىمىز. ئەمما ئىسلامنىڭ روھى، «قۇرئان كەرىم»نىڭ كۆرسەتمىلىرى، ئاللاھ تائالانىڭ ئەمر - پەرمانلىرى كۆپىنچە ئىشلاردا كىتاب يۈزىدىلا قالغان. ئاللاھ تائالانىڭ «بەندىلىرىمدىن شۈكۈر قىلىدىغانلار بەكمۇ ئاز»[2] دېگەن سۆزى بىزدە تولۇق مەنىسى بىلەن ئىپادىسىنى تاپماقتا.

بىز مۇسۇلمانلاردا رىياكارلىق ئىللىتى شۇنچىلىك ئومۇملىشىپ كەتكەنكى، بىزنىڭ ئىبادەتلىرىمىزنىڭ ۋە ئەمەللىرىمىزنىڭ مۇتلەق كۆپ سانلىقى شەكىلۋازلىقتىنلا ئىبارەت بىر نەرسىگە ئايلىنىپ قالغان. ئىخلاس ۋە قېتىرقىنىپ ئىش قىلىش دېگەنلەر بىزدە يوقنىڭ ئورنىغا چۈشۈپ قالغان. ھەقىقىي مۇسۇلمانلاردا بولۇشقا تېگىشلىك ئۆزگىچىلىكلەر ۋە خىسلەتلەرنى ھازىرقى زاماندىكى مۇسۇلمانلاردىن تېپىش ئىنتايىن قىيىن بولۇپ قالغان. شۇڭا بىزنىڭ ھالىمىز خاراب، تەلىيىمىز كاج بولۇپ كەلمەكتە.

ئاللاھ تائالانىڭ ياردىمىگە مۇيەسسەر بولغان مۆئمىنلەر يەر يۈزىدە ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلىنسا، ئۇلار تۆۋەندىكى تۆت ئىشنى تولۇقى بىلەن ئورۇندايدۇ:

1. بەش ۋاخ نامازنى پۈتۈن شەرتلىرى ۋە قائىدە - تەرتىپلىرىگە رىئايە قىلغان ھالدا، ئۆز ۋاقتىدا مۇكەممەل ئادا قىلىدۇ. چۈنكى ناماز ئىسلام دىنىدا ئىماندىن كېيىنلا بۇيرۇلغان بىرىنچى ئىبادەت ۋە ئەڭ مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغان كۈنلۈك پەرزدۇر. ناماز بەندە بىلەن ئاللاھ تائالانىڭ ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىش نۇقتىسىدۇر. ئۇ نەپسنى پاكلايدىغان، روھنى يۈكسەلدۈرىدىغان، تەرتىپ ۋە ئىنتىزامنى ئۆگىتىدىغان، يامانلىقتىن توسىدىغان تەربىيە خاراكتېرلىك ئىبادەتتۇر. «شەكسىزكى، ناماز قەبىھ ئىشلاردىن ۋە گۇناھلاردىن توسىدۇ.»[3] قىسقىسى، ناماز دىنىنىڭ تۈۋرۈكى ۋە ئىبادەتنىڭ بېشىدۇر.

بەزىلەر دېيىشى مۇمكىن، «ھازىر جەمئىيىتىمىزدە ناماز ئوقۇپ تۇرۇپمۇ ئەخلاقى تۆزەلمىگەن، بىرىنى ئالدايدىغان، بىرىگە قارا چاپلايدىغان، بىرىگە ئەزىيەت بېرىدىغان

[1] مۇھەممەد سۈرىسى: 7 - ئايەت.
[2] سەبەئ سۈرىسى: 13 - ئايەت.
[3] ئەنكەبۇت سۈرىسى: 45 - ئايەت.

مۇسۇلمانلارنى كۆپ ئۆچرىتىمىز، ئۇلارنى ناماز نېمىشقا يامان ئىشتىن توسالمىدى؟» بىز دەيمىزكى، نامازنى ئوقۇپ قويغانلىق ھېساب ئەمەس، بەش نامازغا مەسجىدكە بېرىپ مەسجىدنى تولدۇرغانلىق ھېساب ئەمەس، ناماز ئوقۇغۇچىلار نامازنى ئادا قىلىشتىكى مۇكەممەللىك دەرىجىسىگە قاراپ نامازدىن مەنپەئەت ئالالايدۇ. بەزى كىشىلەر ناماز ئوقۇپ تۇرۇپمۇ، بۇ نامازدىن قىلچە نەپ ئالالمايدۇ. چۈنكى نۇرغۇن ئادەملەر پۇل - مىلىنىڭ ھېساباتىنى، بىراۋلاردىن قانداق ئۆچ ئېلىشنى، بىرلىرىنى قانداق ئالداپ پۇلنى ئېلىۋېلىشنى، يەنە نۇرغۇنلىغان يامان غەرەزلەرنى نامازغا تۇرغىنىدا پىلانلايدۇ، ھەتتا ئۇلار ئىمامنىڭ قىرائىتىنى ئاڭلاپ تۇرۇپ، ئىمامنىڭ قايسى سۈرىنى ئوقۇغانلىقىنى ئاڭقىرالماي نامازنى تۈگىتىدۇ. مۇنداق ئوقۇلغان ناماز كىشىنى قانداقمۇ يامان ئىشتىن توسالىسۇن؟ بۇ ناماز ئۇ كىشىنى نامازنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ يامان خىياللاردىن توسالمىسا، نامازنىڭ سىرتىدا يامان ئىشتىن قانداق توسالىسۇن؟!

## نامازدىن مەنپەئەت ئېلىش خۇشۇئ دەرىجىسىگە قاراپ بولىدۇ

خۇشۇئ  نامازدا تۇرغاندا، ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلۇغلۇقىدىن ۋە ھەيۋىتىدىن ئەيمەنگەن، كۆڭۈلنى ناماز بىلەنلا بەند قىلغان ۋە پۈتۈن پىكىر - خىيالنى ئاللاھ تائالاغىلا بېغىشلىغان ھالدا، كەمتەرلىك ۋە ھوشيارلىق بىلەن تۇرۇش دېگەنلىكتۇر. خۇشۇئ نامازنىڭ جېنى بولۇپ، ئۇنىڭدىن نېسىۋىسىنى ئالالمىغان ناماز ئۆلۈك نامازدۇر. چۈنكى ھەركىمنىڭ نامازدىن ئالىدىغان نېسىۋىسى پەقەت ئۇنىڭدا ئەقلى ئويغاق تۇرغان قىسمى بىلەنلا چەكلىنىدۇ. شۇڭا ھەزرىتى ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: {لَيْسَ لَكَ مِنْ صَلَاتِكَ إِلَّا مَا عَقَلْتَ مِنْهَا} يەنى «نامىزىڭدىن پەقەت نېمە دېگەن ۋە نېمە قىلىۋاتقىنىڭنى بىلىپ تۇرۇپ ئوقۇغىنىڭلا ساڭا ھېسابتۇر» دېگەن[1] .

ناماز ئوقۇغانغا بېرىلىدىغان ساۋاب «خۇشۇئ»غا قاراپ بولىدۇ. ناماز ئوقۇغانلارنىڭ بەزىسى تولۇق ساۋابقا ئېرىشسە، بەزىسى يېرىم ساۋابقا ۋە بەزىسى يېرىمىدىنمۇ ئاز ساۋابقا ئېرىشىدۇ. ئەمما نامازدا نېمە ئوقۇلغان ۋە نېمە ئىش قىلىنغانلىقىنىمۇ بىلمەستىن ئۇنىڭغا كىرگەن پېتى چىققان كىشى ھېچقانداق ساۋابقا ئېرىشەلمەيدۇ. چۈنكى ئۇ، «خۇشۇئ»نى پۈتۈنلەي تەرك ئەتكەن كىشىدۇر. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: {إِنَّ الْعَبْدَ لَيُصَلِّي الصَّلَاةَ مَا يُكْتَبُ لَهُ مِنْهَا إلاّ عُشْرُهَا، تِسْعُهَا، ثُمُنَهَا، سُبعها، سُدُسها، خمُسُها، رُبعهَا، ثُلُثُهَا نصفها} يەنى «بەندە ناماز ئوقۇغان بىلەن ئۇنىڭغا يېزىلىدىغان ساۋاب يا ئوندىن بىرى، يا توققۇزدىن بىرى، يا سەككىزدىن بىرى، يا يەتتىدىن بىرى، يا ئالتىدىن بىرى، يا بەشتىن بىرى، يا تۆتتىن بىرى، يا ئۈچتىن بىرى، يا يېرىمىدۇر»[2].

2. ئۇلار زاكاتنى تولۇق ئادا قىلىدۇ. زاكات مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىدە ئىجتىمائىي ھەمكارلىقنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولىدىغان مۇھىم بىر ئىجتىمائىي ئىبادەت بولۇپ، مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدا بىرلىك، باراۋەرلىك ۋە ھەمكارلىقنى بەرپا قىلىشنىڭ يولى ئۆزئارا ياردەملىشىش، بىر - بىرىنىڭ يۈكىنى بىللە كۆتۈرۈش، ئاجىزلارغا ياردەم قىلىشتىن باشلىنىدىغانلىقى ئېنىقتۇر. ئىسلام دىنىدا پەرز قىلىنغان زاكات بۇ

[1] «مجموع الفتاوى لابن تيمية» 7 ـ توم 31 ـ بەت.
[2] «مسند الإمام أحمد» 31 ـ توم 18 ـ بەت 18894 ـ ھەدىس.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىر ئامبىرى
www.uyghurkitap.com

مەقسەت بىلەن بۇيرۇلغان بولۇپ، ئۇ ئىككىنچى چوڭ ئىبادەتتۇر.

زاكات بەرگۈچى ئۈنى ئالغۇچىغا مىننەت قىلماستىن، تەكەببۇرلۇق قىلماستىن، كۆرەڭلىمەستىن، پەقەت ئاللاھ تائالا بۇيرۇغان پەرزنى ئادا قىلدىم دېگەن ئېتىقادتا بېرىدۇ ۋە ئالغۇچىمۇ ئۆزۈمنىڭ تېگىشلىك ھەققىنى ئالدىم دېگەن ئېتىقادتا ئالىدۇ. شۇنداق قىلىپ جەمئىيەتتە ھەركىم ئۆزىنىڭ ئەتراپىدىكىلەرگە شۇنداق ياردەم قولىنى سۇنۇشى ئارقىلىق دوستلۇق، مۇھەببەت ۋە ئىناقلىق ئاشىدۇ.

ئىنسانلار ئاللاھ تائالانىڭ دىنىدىن، مىڭ يىللاردىن بېرى تەجرىبىدىن ئۆتكەن نۇرلۇق شەرىئىتىدىن يۈز ئۆرۈپ، تەئسىرلىكنى يوق قىلىش دەۋاسى بىلەن سوتسىيالىزمنى تەجرىبە قىلىپ كۆردى. ئەمما سوتسىيالىزمدا بايلار كەمبەغەللەرگە، كەمبەغەللەر تېخىمۇ كەمبەغەللەرگە ئايلاندى. خەلقنىڭ پۇل - مېلى ۋە ۋەتەننىڭ بايلىقى ئادەم ئۆلتۈرىدىغان قىرغۇچ قوراللارنى سېتىپ ئېلىشقا ياكى ياساشقا كەتتى. خەلق بىر نانغا زار بولدى. سوتسىيالىستىك تۈزۈم مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئىنسانلار چىقىش يولى ئىزدەپ ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزگەرمەس دىنىغا ۋە نۇرلۇق شەرىئىتىگە قايتىشقا باشلىدى. شۇڭا ھازىر دۇنيادا ئادەم سانى ئەڭ تېز كۆپىيىۋاتقان ۋە كىشىلەر ئەڭ قىزىقىۋاتقان دىن ئىسلام دىنى بولۇپ قالدى. بۇ سەۋەبتىن دۇنيانىڭ بارلىق كاپىرلىرى بۇ دىننىڭ دۇنيا خەلقىنىڭ ئورتاق دىنى بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ ئىسلامغا تۈرلۈك تۆھمەتلەرنى ئارتىپ، مۇسۇلمان ئەمەسلەرنىڭ كۆزىگە مۇسۇلمانلارنى سەت كۆرسىتىشكە ئۇرۇنماقتا. ئەمما ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ دىنىنى قوغدىغۇچىدۇر، ئاللاھ تائالا ھەممىگە قادىردۇر، كاپىرلارنىڭ رەزىل پىلانلىرىنى خۇددى ئۆتمۈشلەردە بەرباد قىلغاندەك بەرباد قىلىشقا ئەلۋەتتە قادىردۇر.

4.3. ئۇلار كىشىلەرنى ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ئىشنى مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىنىڭ ئاساسى، ئەركىن پىكىر بايان قىلىشنىڭ ۋە يوللۇق تەنقىد قىلىشنىڭ ئۇسۇلى قىلىپ بېكىتكەن. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، ھەركىم ئۆز دەردىنىلا ئويلايدىغان ۋە ھەممە ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىش كويىدا بولۇۋاتقان بۈگۈنكى ئىنسانىيەت دۇنياسىدا، مۇسۇلمانلارنىڭ رولى چوڭ ۋە ۋەزىپىسى ھەقىقەتەن ئېغىردۇر. چۈنكى مۇسۇلمان دېگەن باشقىلارنىڭمۇ غېمىنى يەيدۇ، ئۇلارغا يول كۆرسىتىدۇ، ئۇلارنى ئۆزلىرىگە زىيان ۋە پۇشايمان ئېلىپ كېلىدىغان ئىشلاردىن توسىدۇ ۋە ئۇلارغا بارچە ياخشى ئىشلاردا ئۈلگە بولىدۇ. مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىدىكى ئىنسانلارنىڭ مەسئۇلىيەتچانلىقى شۇ دەرىجىگە يەتكەندە، ئۇلارنىڭ ئىناقلىقى ۋە كۈچ - قۇۋۋىتى ئاشىدۇ. چۈنكى كۈچ - قۇۋۋەت ئىناقلىقتىن تۇغۇلىدۇ. دېمەك، ئىسلام دىنىدا ھەركىمگە كۈچىنىڭ يېتىشىچە ۋە ئىمكانىيىتىنىڭ يار بېرىشىچە ئورۇندىشى پەرز بولۇپ بەلگىلەنگەن «ئەمر - مەرۇپ، ۋەز - نەسىھەت» يەنى (كىشىلەرنى ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش) ھۆرىيەتنىڭ جاكارچىسىدۇر. چۈنكى بۇ ئىشنىڭ ئۆزى ئەركىن پىكىر بايان قىلىش، ياخشىلىقنى تەرغىب قىلىپ، يامانلىقنى سۆكۈش ۋە تەنقىدلەشنى تەقەززا قىلىدۇ. ئىسلام دىنىدىكى ھۆرىيەت باشقىلار دەۋا قىلغاندەك قەيتسىز ۋە چەكسىز ھۆرىيەت ئەمەس. بەلكى مەلۇم ئەخلاقىي پرىنسىپلار ئىچىدە ئېلىپ بېرىلىدىغان ھۆرىيەتتۇر. بۇ خۇددى بىر ئائىلىدىكى كىشىلەرنىڭ ئۆز ئائىلە

ئەزالىرىنى قوغدىشى، ھىمايە قىلىشى، بىر - بىرىگە يول كۆرسىتىشى، خاتالىقلىرىغا ئاگاھلاندۇرۇش بېرىشى قاتارلىق ئىشلىرىغا ئوخشاشتۇر.

«ئەمر - مەرۇپ، ۋەز - نەسىھەت» ئومۇملاشقان جەمئىيەتتە ئىنسانلارنىڭ ئىناقلىقى ۋە بىرلىكى گۈللەپ ياشنايدۇ. بۇزغۇنچىلار ۋە دۈشمەنلەر ئۇلارنى پارچىلاش غەرىزىنى ئەمەلگە ئاشۇرالماستىن مەغلۇپ بولىدۇ. قاچانكى بىرەر جەمئىيەتتە، «ئەمر - مەرۇپ، ۋەز - نەسىھەت» ئىشلىرى ئاجىزلىشىپ قالىدىكەن، بۇنداق جەمئىيەتمۇ ئاجىزلىققا ۋە زاۋاللىققا قاراپ يۈز تۇتىدۇ. ئاللاھ تائالا ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ تارىختىكى مەشھۇر دۆلىتىنىڭ ئاجىزلىشىپ، پارچىلىنىشىغا تۈرتكە بولغان ئامىلنىڭ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا «ئەمر - مەرۇپ، ۋەز - نەسىھەت»نىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانلىقىدىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى ئېنىق بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: «ئۇلار ئۆزلىرى قىلغان يامان ئىشلاردىن بىر - بىرىنى توسمايتتى. ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى نېمىدېگەن يامان!»[1].

يۇقىرىقىلاردىن مەلۇمكى، ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ دىنىغا ياردەم قىلغانلارغا چوقۇم ياردەم قىلىدۇ، نامازنى ئۆز ۋاقتىدا مۇكەممەل ئادا قىلىدىغان، زاكاتنى تولۇق بېرىدىغان، كىشىلەرنى ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلاردىن توسىدىغان، ئۆزلىرى ئۈچۈن دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە زىيان كەلتۈرىدىغان ئىشلاردىن يىراق تۇرىدىغان مۇئمىنلەرنى ئەلۋەتتە قوغدايدۇ. قانداقلا بىر ئۈممەت بۇ تۆت ئاساسنىڭ بىرەرسىگە ئەھمىيەت بەرمەيدىكەن، ئۇنداق ئۈممەت ئۆزىنى خار ۋە زەبۇنلۇققا ئىتتىرگەن بولىدۇ.

مەلۇمكى، بىز مۇسۇلمانلار جەمئىيەتنىڭ راۋاج تېپىش يولىدىكى ئاساسلىق ئامىل بولغان مەزكۇر تۆت ئىشنىڭ كۆپلىرىنى زايە قىلىۋەتكەنلىكىمىز ئۈچۈن، خورلۇققا، ئېزىلىشكە ۋە بوزەك قىلىنىشقا مەھكۇم بولدۇق، خەلقئارادىكى ئىناۋىتىمىز تۆۋەنلەپ ھەيۋىتىمىز يوقالدى، كۈچ - قۇدرىتىمىز ئازىيىپ، دۈشمەنلىرىمىزگە بېقىندى بولۇپ قالدۇق. بىزنىڭ قايتىدىن قەد كۆتۈرۈشىمىز ئۈچۈن، «قۇرئان كەرىم» بىلەن ھەدىسنىڭ روھىغا ئەمەل قىلىش ۋە بۇ ئىككى مەنبەگە چىڭ ئېسىلىشتىن باشقا يولىمىز يوقتۇر.

مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالانىڭ ھەقىقىي مۇئمىنلەرگە ياردەم قىلىدىغانلىقى ۋە ئۇلارنى قوغدايدىغانلىقى ھەقتۇر.

2. ئاللاھ تائالاغا ئەڭ يامان كۆرۈلىدىغان گۇناھ خىيانەتتۇر. ئاللاھ تائالا خائىنلارنى قەتئىي ياقتۇرمايدۇ.

3. جىھاد ئاللاھ تائالانىڭ دىنىنى ئۈستۈن قىلىش ۋە ئېزىلگەن مۇسۇلمانلارنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن بۇيرۇلغان.

4. ھەق دىنىنى چىڭ تۇتقان ۋە ئۇنى قوغداش يولىدا كۈرەش قىلغانلارغا ئاللاھ تائالا چوقۇم ياردەم بېرىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ ۋەدىسى ئەلۋەتتە ھەقتۇر.

5. نامازنى مۇكەممەل ئوقۇش، زاكاتنى تولۇق بېرىش، كىشىلەرنى ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلاردىن توسۇشتىن ئىبارەت تۆت چوڭ ئىبادەت پاراۋان بىر دۆلەتنىڭ قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇشىنىڭ ئاساسىدۇر.

[1] مائىدە سۈرىسى: 79 - ئايەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرىكى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



# ئىسلام شەرىئىتىدىكى ئاسانلىق كۆرۈنۈشلىرى

ئابدۇلئەھەد ھاپىز

بىزنى نەپسىمىزگە تاشلاپ قويماي توغرا يولغا ھىدايەت قىلغان، دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك ئىشلىرىمىزنى رەتكە سېلىپ ئەڭ پايدىلىق ئىشلارغا بۇيرۇپ، زىيانلىق ئىشلاردىن ئاگاھلاندۇرغان، شەرىئەتنىڭ بارلىق ھۆكۈملىرىدە ئاسانلىقنى ئاساس قىلغان، چەكسىز مېھرىبان رەببىمىزگە ھەمدۇسانا ۋە شۈكۈر ئېيتىمىز. ھاياتى بويىچە ئۈممىتىگە ئاسانلىق تىلىگەن، ئاسانلىقنى تاللىغان، ئاسانلىققا باشلىغان سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابەكراملىرىغا سالات ۋە سالام يوللايمىز. ئاللاھ تائالادىن بىزنى ھەق يولدا دائىم قىلىشنى تىلەيمىز.

ئاللاھ تائالا ئىسلام دىنىنى دۇنيا ئاخىرلاشقۇچىلىك بارلىق ئىنسانلارنىڭ بىردىنبىر ھەق دىنى بولۇشقا تاللىغان ۋە ئىنسانلارنىڭ مۇشۇ دىندا مېڭىشىغا رازى بولغان. بۇ دىن ئىنسانلارنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەختلىك بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ، ئىنسانلارنىڭ خۇسۇسىي ۋە ئىجتىمائىي بارلىق ئىشلىرىنى ئەڭ پايدىلىق ۋە ياخشى نەتىجىلەرگە ئېلىپ بارىدىغان شەكىلدە رەتكە سالىدۇ، شۇنىڭدەك كېلىپ چىقىدىغان قىيىنچىلىقلارنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالا بۇ دىنىنىڭ يولباشچىسى پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى «رەھمەت پەيغەمبىرى» قىلىپ ئەۋەتكەن. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَا أَرْسَلْنَاكَ إِلَّا رَحْمَةً لِلْعَالَمِينَ﴾ «بىز سېنى پەقەت پۈتكۈل ئالەمگە رەھمەت قىلىپلا ئەۋەتتۇق.»[1]

چەكسىز رەھمەت ئىگىسى ئاللاھ تائالا ئىسلام دىنىنى ئۆزىنىڭ رەھمەت پەيغەمبىرى ئارقىلىق مەيلى ئىبادەت قىسمىدا بولسۇن، مەيلى مۇئامىلە ئىشلىرىدا بولسۇن،

[1] ئەنبىيا سۈرىسى، ـ 107ئايەت.

ئومۇمەن ھەممە ئىشتا بىز ئىنسانلارنىڭ ئېھتىياجىنى ۋە ئاجىزلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، كەڭچىلىك ۋە ئاسانلىق دىنى قىلىپ ئەۋەتكەن. ئىنسانلار قۇربى يەتمەيدىغان، ئۆزلىرىگە قىيىنچىلىق تۇغدۇرىدىغان ھېچقانداق ئىشقا بۇيرۇلمىغان، شۇنىڭدەك كۈچى يەتمەيدىغان ئىشلاردا ئۇلارغا مەسئۇلىيەت يۈكلىمىگەن. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە بۇ ھەقىقەتنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: ﴿يُرِيدُ اللَّهُ بِكُمُ الْيُسْرَ وَلَا يُرِيدُ بِكُمُ الْعُسْرَ﴾ «ئاللاھ سىلەرگە ئاسانلىقنى خالايدۇ، تەسلىكنى خالىمايدۇ.»[1]

﴿وَمَا جَعَلَ عَلَيْكُمْ فِي الدِّينِ مِنْ حَرَجٍ﴾ «ئاللاھ سىلەرگە دىندا بىر قىيىنچىلىق قىلمىدى.»[2]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «سىلەرنىڭ دىنىڭلارنىڭ ياخشىلىقى ئۇنىڭ ئاسانلىقىدا.»[3]

دېمەك، كەڭچىلىك ۋە ئاسانلىق ئىسلام دىنىنىڭ ئالاھىدە خۇسۇسىيەتلىرىدىن بىرى، بولۇپمۇ بۇ شەرئىي ھۆكۈملەردە ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇنىڭ گەۋدىلىك ئەھمىيىتى «ئىنسانلارغا ياخشىلىق جەلب قىلىش ۋە يامانلىقتىن چەكلەشكە مەركەزلىشىدۇ. بۇنىڭ ئەھمىيىتى تۆۋەندىكى پرىنسىپلار ئاساسىدا نامايەن بولىدۇ:

## 1- ئىنساننى تاقىتى يەتمەيدىغان ئېغىر كۈلپەتلەرگە زورلىماسلىق

ئىسلام شەرئىتى ھۆكۈم مەسىلىلىرىنىڭ ھەممىسىدە ئومۇمەن ئىنساننىڭ تاقىتى دائىرىسى ئىچىدە بولغان نەرسىلەرگە بۇيرۇيدۇ. ئىنساننىڭ تاقىتى يەتمەيدىغان ياكى ئىنساننىڭ كۈچى دائىرىسىدە بولسىمۇ، ئېغىر كېلىدىغان نەرسىلەرگە بۇيرۇمايدۇ. مەسىلەن: ئىنسان ھەر ۋاقىت ئۆزىنىڭ ئەقلىنى توغرا ئىشلىتىش، نەپسىنى كونتىرول قىلىش، شۇنىڭدەك كۆڭلىگە كەلگەن ھەر خىل بولمىغۇر خىياللاردىن ساقلىنىشتەك ئەھۋاللاردىن ئاجىزلىق قىلىدۇ. چۈنكى ئىنساننىڭ كۆڭلىگە ۋە ئەقلىگە ھەرخىل پىكىرلەر، ھەرخىل يامان ئويلار، يامانلىق قىلىش ئىستەكلىرى ۋە ۋەسۋەسەلەر كېلىدۇ. ئىنسان بۇنداق نەرسىلەرنى ھەرگىز ئەقلىگە كەلتۈرمەيمەن، ئويلىمايمەن، دېيەلمەيدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن بۇ يامان پىكىر ۋە ئويلارنى ئاللاھ تائالادىن يوشۇرالمايدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالا ئاسماندا ۋە يەردە، ئاشكارا ـ يوشۇرۇن نېمە بولسا ھەممىنى بىلىدۇ، ئىنساننىڭ كۆڭلىگە يۇككەن ياخشى ـ يامان نىيەتلىرىدىن، ئوي ـ پىكىرلىرىدىن ھەممىدىن تولۇق خەۋەرداردۇر. بۇ ھەقتە جانابى ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَعْلَمُ خَائِنَةَ الْأَعْيُنِ وَمَا تُخْفِي الصُّدُورُ﴾ «ئاللاھ كۆزلەرنىڭ خىيانىتىنى ۋە دىللاردىكى يوشۇرۇن نەرسىلەرنى بىلىپ تۇرىدۇ.»[4]

﴿أَلَا يَعْلَمُ مَنْ خَلَقَ وَهُوَ اللَّطِيفُ الْخَبِيرُ﴾ «ياراتقان زات بىلمەمدۇ؟ ئۇ ئەڭ ئىنچىكە ئىشلارنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر.»[5]

[1] بەقەرە سۈرىسى، ـ185ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] ھەج سۈرىسى، ـ78ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى. ھەسەن ھەدىس.
[4] غافىر سۈرىسى، ـ19ئايەت.
[5] مۇلك سۈرىسى، ـ14ئايەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بۇ بىر ھەقىقەت، چۈنكى ئىنساننىڭ ئەقلىگە ھەر تۈرلۈك ئوي-پىكىرلەرنىڭ، ياخشى-يامان ھېس-تۇيغۇلارنىڭ كېلىشى مۇقەررەر، ئىنسان بۇنىڭدىن ساقلىنالمايدۇ. مانا ئۆز بەندىلىرىنىڭ ھال-ئەھۋالىنى ئەڭ ياخشى بىلگۈچى مېھرىبان ئاللاھ، ئىسلام شەرىئىتىدە «قىيىنچىلىقلارنى يوقىتىش» پرىنسىپى بويىچە، كۆڭلىگە كەلتۈرگەن يامان ئوي-پىكىر، قىلماقچى بولغان يامان ئىشلارنى ئەمەلىي ھەرىكىتى، ياكى تىلى بىلەن روياپقا چىقارمىسا، گۇناھكار بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ھەقىقەتەن ئاللاھ مېنىڭ ئۈممىتىمدىن كۆڭلىگە كەلگەن ۋەسۋەسەلەرنى، ئۆز-ئۆزىگە سۆزلىگەنلەرنى ئەمەلىيەتتە قىلمىسا ياكى تىلى بىلەن ئېيتمىسا، ئۇنى كەچۈرۈۋەتتى.»[1] ئاللاھ تائالا ئۇنى كەچۈرۈۋېتىش بىلەنلا قالمىدى، بەلكى ئەقلىدىكى ۋە كۆڭلىدىكى يامانلىقلارنى ئەمەلىيلەشتۈرمەي تەرك ئەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا بىر ساۋاب بەردى. چۈنكى ئۇ قىلماقچى بولغان يامان ئىشنى قىلمىدى ۋە نەپسىگە ئەگەشمىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «كىم بىر يامانلىقنى ئويلىغان بولۇپ، ئۇنى ئەمەلىيلەشتۈرمىسە، ئاللاھ ئۇنىڭغا كامىل بىر ساۋاب يازىدۇ.»[2]

قۇرئان كەرىمدىكى ﴿وَإِنْ تُبْدُوا مَا فِي أَنْفُسِكُمْ أَوْ تُخْفُوهُ يُحَاسِبْكُمْ بِهِ اللَّهُ﴾ «دىلىڭلاردىكى يامانلىقنى مەيلى ئاشكارا قىلىڭلار، مەيلى يوشۇرۇڭلار، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ سىلەردىن ھېساب ئالىدۇ.»[3] دېگەن ئايەت نازىل بولغاندا، بۇ ساھابە كىراملارغا بەك ئېغىر كەلدى. ئىمام ئەھمەد ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلغان: بۇ ئايەت نازىل بولغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىنى قاتتىق غەم باستى. ئۇلار پۇت-قوللىرىدا جان قالمىغان ھالەتتە مەسجىدتە توپلاندى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: «سىلەرگە نېمە بولدى؟» دېدى. ئۇلار: يا رەسۇلەللاھ! بۇ ئايەتكە ئاساسەن سۆزلىگەنلىرىمىزدىن، قىلمىشلىرىمىزدىن ۋە كۆڭلىمىزدىكىلەردىن ھېساب ئېلىنىدىغان بولساق، ھالاك بولىمىز. چۈنكى كۆڭلىمىزگە كۈچىمىز يەتمەيدۇ، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «‹ئاڭلىدۇق، ئىتائەت قىلدۇق› دەڭلار، يەھۇدىيلارغا ئوخشاش ‹ئاڭلىدۇق، ئاسىي بولدۇق› دېمەڭلار» دېدى. ساھابىلارنىڭ ھەممىسى: «ئاڭلىدۇق، ئىتائەت قىلدۇق» دېدى. شۇنىڭ بىلەن مۇنۇ ئايەتلەر نازىل بولدى: ﴿آمَنَ الرَّسُولُ بِمَا أُنْزِلَ إِلَيْهِ مِنْ رَبِّهِ وَالْمُؤْمِنُونَ كُلٌّ آمَنَ بِاللَّهِ وَمَلَائِكَتِهِ وَكُتُبِهِ وَرُسُلِهِ لَا نُفَرِّقُ بَيْنَ أَحَدٍ مِنْ رُسُلِهِ وَقَالُوا سَمِعْنَا وَأَطَعْنَا غُفْرَانَكَ رَبَّنَا وَإِلَيْكَ الْمَصِيرُ (285) لَا يُكَلِّفُ اللَّهُ نَفْسًا إِلَّا وُسْعَهَا لَهَا مَا كَسَبَتْ وَعَلَيْهَا مَا اكْتَسَبَتْ رَبَّنَا لَا تُؤَاخِذْنَا إِنْ نَسِينَا أَوْ أَخْطَأْنَا رَبَّنَا وَلَا تَحْمِلْ عَلَيْنَا إِصْرًا كَمَا حَمَلْتَهُ عَلَى الَّذِينَ مِنْ قَبْلِنَا رَبَّنَا وَلَا تُحَمِّلْنَا مَا لَا طَاقَةَ لَنَا بِهِ وَاعْفُ عَنَّا وَاغْفِرْ لَنَا وَارْحَمْنَا أَنْتَ مَوْلَانَا فَانْصُرْنَا عَلَى الْقَوْمِ الْكَافِرِينَ﴾ «پەيغەمبەر پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان كىتابقا ئىمان كەلتۈردى، مۆمىنلەرمۇ ئىمان كەلتۈردى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ پەرىشتىلىرىگە، كىتابلىرىغا ۋە پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان كەلتۈردى. (ئۇلار) «ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرىنىڭ ھېچبىرىنى ئايرىۋەتمەيمىز (يەنى ئۇلارنىڭ بەزىسىگە ئىمان ئېيتىپ، بەزىسىگە ئىمان ئېيتماي قالمايمىز)» دەيدۇ. ئۇلار: «بىز (دەۋىتىڭنى) ئاڭلىدۇق ۋە (ئەمرىڭگە) ئىتائەت



[1] ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.
[2] ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.
[3] بەقەرە سۈرىسى، 284-ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

قىلدۇق، پەرۋەردىگارىمىز، مەغپىرىتىڭنى تىلەيمىز، ئاخىر ياندىغان جايىمىز سېنىڭ دەرگاھىڭدۇر» دەيدۇ. ئاللاھ ھېچكىمنى تاقىتى يەتمەيدىغان ئىشقا تەكلىپ قىلمايدۇ. كىشىنىڭ قىلغان ياخشىلىقى (نىڭ ساۋابى) ئۆزىگىدۇر، يامانلىقى (نىڭ جازاسى) مۇ ئۆزىگىدۇر. (ئۇلار) «پەرۋەردىگارىمىز! ئەگەر بىز ئۇنتۇساق ياكى خاتالاشساق (يەنى بىز ئۇنتۇش ياكى سەۋەنلىك سەۋەبىدىن ئەمرىڭنى تولۇق ئورۇنلىيالمىساق)، بىزنى جازاغا تارتمىغىن. پەرۋەردىگارىمىز! بىزدىن ئىلگىرىكىلەرگە يۈكلىگىنىڭگە ئوخشاش، بىزگە ئېغىر يۈك يۈكلىمىگىن (يەنى بىزنى قىيىن ئىشلارغا تەكلىپ قىلمىغىن)، پەرۋەردىگارىمىز! كۈچىمىز يەتمەيدىغان نەرسىنى بىزگە ئارتمىغىن، بىزنى كەچۈرگىن، بىزگە مەغپىرەت قىلغىن، بىزگە رەھىم قىلغىن، سەن بىزنىڭ ئىگىمىزسەن، كاپىر قەۋمگە قارشى بىزگە ياردەم بەرگىن» دەيدۇ.»[1]

## 2- زۆرۈرىيەت چەكلەنگەن ئىشلارنى جايىز قىلىدۇ

بۇنىڭ مەنىسى مۇنداق: ئىسلام شەرىئىتىدە نورمال ئەھۋالدا چەكلەنگەن، يەنى ھارام قىلىنغان ئىشلار مەجبۇر قالغاندا، زۆرۈرىيەت جەھەتتىن جايىز بولىدۇ. بەلكى شۇ قېتىملىق ئەھۋالدىن قۇتۇلۇپ قېلىش ئۈچۈن ئۇ ئىشنى قىلىش پەرز بولىدۇ. لېكىن بۇ ئىشنى زۆرۈرىيەت مىقداردىن ئاشۇرۇۋەتمەسلىك لازىم. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆلىمالار: «زۆرۈرىيەت مىقدارغا قاراپ ئۆلچىنىدۇ» دېگەن. بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك قۇرئان كەرىمدە مونۇ ئايەت بايان قىلىنغان: ﴿قُلْ لَا أَجِدُ فِي مَا أُوحِيَ إِلَيَّ مُحَرَّمًا عَلَى طَاعِمٍ يَطْعَمُهُ إِلَّا أَنْ يَكُونَ مَيْتَةً أَوْ دَمًا مَسْفُوحًا أَوْ لَحْمَ خِنْزِيرٍ فَإِنَّهُ رِجْسٌ أَوْ فِسْقًا أُهِلَّ لِغَيْرِ اللَّهِ بِهِ فَمَنِ اضْطُرَّ غَيْرَ بَاغٍ وَلَا عَادٍ فَإِنَّ رَبَّكَ غَفُورٌ رَحِيمٌ﴾ «(ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى، ماڭا ۋەھيى قىلىنغان ئەھكاملار ئىچىدە، ئۆزى ئۆلۈپ قالغان نەرسە ياكى ئېقىپ چىققان قان ۋە ياكى چوشقا گۆشى ــ چوشقا گۆشى پاسكىنىدۇر ــ ياكى گۇناھ قىلىپ ئاللاھتىن غەيرىينىڭ ئىسمى ئېيتىلىپ بوغۇزلانغان مالدىن باشقا ھەر قانداق ئادەم ئۈچۈن ھارام قىلىنغان يېمەكلىك كۆرمەيمەن. كىمكى ئۇلاردىن (يۇقىرىقى ھارام قىلىنغان نەرسىلەردىن) نائىلاج ۋە ئىختىيارسىز ھالدا ھاياتىنى ساقلاپ قالغۇدەك يېسە (ھېچ گۇناھ بولمايدۇ)، چۈنكى پەرۋەردىگارىڭ مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، (بەندىلىرىگە) مېھرىباندۇر.»[2]

ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋاننىڭ گۆشى، ھايۋاننى بوغۇزلىغاندا ئاققان قان، چوشقا گۆشى ۋە ئاللاھتىن باشقىسىنىڭ ئىسمى تىلغا ئېلىنىپ بوغۇزلانغان ھايۋاننىڭ گۆشى ھەممىسى پاسكىنا ۋە نورمال ھالەتتە ئۇنى يېيىش ھارامدۇر. لېكىن يەيدىغان نەرسە تاپالمىغان، ئاچلىقتىن ئۆلىدىغان ھالەتكە كەلگەن كىشى قانداق قىلىدۇ؟ بۇ كىشى ئاچلىقتىن ئۆلسۇنمۇ؟ ياكى ھاياتىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن يۇقىرىدىكى ھارام قىلىنغان نەرسىلەردىن يېسۇنمۇ؟ يۇقىرىدىكى ئايەتتە ئاللاھ تائالا بۇ ئەھۋالدىكى كىشىنىڭ ھارام نەرسىلەردىن ئۆلمىگۈچىلىك، ھاياتىنى قۇتقۇزۇپ قالغۇچىلىك يېسە بولىدىغانلىقىنى، گۇناھكار بولمايدىغانلىقىنى بايان قىلغان. ئەكسىچە يېمەستىن ئۆلسە، گۇناھكار بولىدۇ. مانا بۇ ئىسلام شەرىئىتىنىڭ كەڭچىلىكى، ئىنسانلارنىڭ قىيىنچىلىقلىرىغا رىئايە

[1] بەقەرە سۈرىسى، 285 ۋە ــ 286ئايەت.
[2] ئەنئام سۈرىسى، ــ 145ئايەت.

www.uyghurkitap.com

قىلدىغانلىقى ۋە ئاسانلىقدۇر.

## 3- ئىسلام شەرىئىتىدە ھارام قىلىنغان نەرسىلەر ھالال نەرسىلەرگە نىسبەتەن ئاز

ئاللاھ تائالا بۇ دۇنيادىكى جانلىق-جانسىز بارلىق نەرسىلەرنى ئىنسانغا بىۋاسىتە ياكى ۋاسىتىلىق ھالدا خىزمەت قىلىش ئۈچۈن ياراتقان. بۇ نەرسىلەردىن پەقەت ئىنساننىڭ ھاياتىغا زىيانلىق بولغانلىرىنى ھارام قىلغان. شۇڭا يېمەك-ئىچمەك ۋە بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ئايەت ۋە ھەدىسلەرگە قارايدىغان بولساق، ھارام قىلىنغان نەرسىلەرنىڭ ھالال قىلىنغان نەرسىلەردىن نەچچە ھەسسە ئاز ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، ھالال چەكسىزدۇر، ھارام چەكلىكتۇر. مەسىلەن، ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿حُرِّمَتْ عَلَيْكُمُ الْمَيْتَةُ وَالدَّمُ وَلَحْمُ الْخِنْزِيرِ وَمَا أُهِلَّ لِغَيْرِ اللَّهِ بِهِ وَالْمُنْخَنِقَةُ وَالْمَوْقُوذَةُ وَالْمُتَرَدِّيَةُ وَالنَّطِيحَةُ وَمَا أَكَلَ السَّبُعُ إِلَّا مَا ذَكَّيْتُمْ وَمَا ذُبِحَ عَلَى النُّصُبِ وَأَنْ تَسْتَقْسِمُوا بِالْأَزْلَامِ ذَلِكُمْ فِسْقٌ﴾ «سىلەرگە ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋان، قان، چوشقا گۆشى، ئاللاھتىن غەيرىينىڭ (يەنى بۇتلارنىڭ) نامى تىلغا ئېلىنىپ بوغۇزلانغان ھايۋان، بوغۇپ ئۆلتۈرۈلگەن ھايۋان، ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈلگەن ھايۋان، (ئېگىزدىن) يىقىلىپ ئۆلگەن ھايۋان، (ھايۋانلار تەرىپىدىن) ئۈسۈپ ئۆلتۈرۈلگەن ھايۋان، يىرتقۇچ ھايۋانلار يىرىپ ئۆلتۈرۈپ يېگەن ھايۋان (نىڭ گۆشىنى يېيىش) ھارام قىلىندى. لېكىن (يۇقىرىقى بەش تۈرلۈك ھايۋاندىن جېنى چىقمىغان چاغدا) بوغۇزلىغانلىرىڭلار ھالال بولىدۇ. ھەمدە بۇتلارغا ئېلىپ بېرىلىپ ئۇنىڭ يېنىدا بوغۇزلانغان ھايۋانلار ھارام قىلىندى. ئەزلام (يەنى جاھىلىيەت دەۋرىدە پال ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان ئۈچ پارچە ياغاچ) بىلەن پال سېلىشىڭلار ھارام قىلىندى، بۇ گۇناھتۇر.»[1]

بۇ ئايەتتە ھارام قىلىنغان نەرسىلەرنىڭ ھارام قىلىنىشىغا قارايدىغان بولساق، بۇ نەرسىلەرنىڭ يا ئىنساننىڭ بەدىنىگە زىيانلىق ياكى جەمئىيەتكە زىيانلىق ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز. بۇ نەرسىلەرنىڭ زىيانلىق ئىكەنلىكى كۈنىمىزدىكى ئىلىم-پەن ئارقىلىق ئىسپاتلانغاندۇر. دېمەك، ئاللاھ تائالا بەندىلىرىگە چەكسىز مېھرىبان بولغاچقا، ئىنسانلارنى زىيانغا ئۇچراشتىن قوغداش ئۈچۈن ئۇلارغا بىۋاسىتە ياكى ۋاسىتىلىق ھالەتتە زىيانلىق بولغان پاسكىنا-نىجىس نەرسىلەرنىلا ھارام قىلدى؛ ئىنسانلارغا پايدىلىق پاك نەرسىلەرنى ھالال قىلدى. ئاللاھ تائالا يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَيُحِلُّ لَهُمُ الطَّيِّبَاتِ وَيُحَرِّمُ عَلَيْهِمُ الْخَبَائِثَ﴾ «ئۇلارغا پاك نەرسىلەرنى ھالال قىلىدۇ، ناپاك نەرسىلەرنى ھارام قىلىدۇ.»[2]

ھەدىسلەردە ھارام قىلىنغان نەرسىلەرگە كەلسەك، ئىمام ئەبۇ داۋۇد ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ھەرگەن چىشلىق ھەرقانداق يىرتقۇچ ھايۋاننىڭ ۋە تىرناقلىرى بىلەن ئوۋلايدىغان ھەرقانداق ئۇچارلىقنىڭ گۆشىنى يېيىش ھارامدۇر.»[3] ئىمام بۇخارى

[1] مائىدە سۈرىسى، ـ 3ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] ئەئراف سۈرىسى، ـ 157ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] بۇ ھەدىسنى مۇسلىمmu رىۋايەت قىلغان.

ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان يەنە بىر ھەدىستە، جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەيبەر كۈنى يەرلىك ئېشەكنىڭ گۆشىنى يېيىشنى ھارام قىلغان.»

## 4- ئەسلىدە ھەممە نەرسە جائىزدۇر

يەنى ھەممە نەرسە ئەسلىدە ھالالدۇر. چۈنكى ئاللاھ تائالا ئىنساننى يەر يۈزىنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن ياراتقان. ئۇنىڭ ئۈچۈن كائىناتتىكى بارلىق نەرسىلەرنى ئىنساننىڭ خىزمىتىگە بويسۇندۇرۇپ بەرگەن. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿هُوَ الَّذِي خَلَقَ لَكُمْ مَا فِي الْأَرْضِ جَمِيعًا﴾ «ئاللاھ يەر يۈزىدىكى ھەممە نەرسىنى سىلەر (نىڭ پايدىلىنىشىڭلار) ئۈچۈن ياراتتى...»[1] ﴿وَسَخَّرَ لَكُمْ مَا فِي السَّمَوَاتِ وَمَا فِي الْأَرْضِ جَمِيعًا مِنْهُ﴾ «ئاللاھ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى (كامالى) پەزلىدىن سىلەرگە بويسۇندۇرۇپ بەردى...»[2] بۇ ئايەتلەرگە ئاساسەن مەۋجۇدات ئالەمدىكى ھەممە نەرسە ئىنسان ئۈچۈن يارىتىلغان. شۇڭا ئىنساننىڭ كائىناتتىكى ھەممە نەرسىدىن پايدىلىنىشى مۇباھ، يەنى جائىزدۇر. پەقەت ئىنسانلارنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى مەنپەئىتىنى قوغداش، سالامەتلىكىنى ئاسراش ئاساسىدا بىر قىسىم نەرسىلەر ھارام قىلىنغان. بۇ تۈر نەرسىلەرنىڭ ھارام قىلىنىشى پەقەت ئاللاھ ۋەئاللاھ رەسۇلى تەرىپىدىن كۆرسىتىلىدۇ. بۇنىڭ سىرتىدا ھەرقانداق بىر شەخسنىڭ ھالال - ھارام قىلىۋېلىش ھوقۇقى بولمايدۇ، شۇنىڭدەك مۇباھ يەنى جايىز بولغان نەرسىلەر ئۈستىدە كۆپ سۇئال سوراپ پايدىلىنىشى تەلەپ قىلىنىدۇ. بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ئەبۇ ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مۇسۇلمانلارنىڭ ئىچىدە گۇناھى ئەڭ ئېغىر بولغىنى، ھارام قىلىنمىغان نەرسە ھەققىدە سوئال سورىغان، ئۇنىڭ سوئالىغا جاۋابەن ئۇ نەرسە ھارام قىلىنغان كىشىدۇر.» (يەنى ئەگەر سورىمىغان بولسا، بەلكىدە ھارام قىلىنمايتتى، ئۇ سورىغانلىقى ئۈچۈن ھارام قىلىندى ۋە ئىنسانلار ئۇنىڭدىن مەھرۇم بولدى.)[3] ئەبۇ دەرداۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان يەنە بىر ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاللاھ تائالا كىتابىدا ھالال قىلغان نەرسە ھالالدۇر، ھارام قىلغان نەرسە ھارامدۇر، بايان قىلمىغان نەرسە ئەپۇ قىلىنغاندۇر، ئاللاھنىڭ ئەپۇنى قوبۇل قىلىڭلار، چۈنكى ئاللاھ تائالا ھېچنەرسىنى ئۇنتۇغان ئەمەس» دېگەندىن كېيىن ﴿وَمَا كَانَ رَبُّكَ نَسِيًّا﴾ «سېنىڭ رەببىڭ (ھېچ نەرسىنى) ئۇنتۇمايدۇ.»[4]

دېمەك، ئىسلام دىنىمىزدا ئىنسانلار قىلالمايدىغان ياكى قىيىنچىلىقتا قالىدىغان ھېچ بىر ئىش يوق. ئاللاھ ھەممىمىزنى ھەق يولدىن ئايرىمىسۇن.

—— داۋامى كېيىنكى ساندا...

بۇ ماقالىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى: تاھىرجان

[1] بەقەرە سۈرىسى، 29 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] جاسىيە سۈرىسى، 13 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.
[4] ھاكىم رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى سەھىھ دېگەن. ئايەت مەريەم سۈرىسى، 64 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.



# قۇرئان كەرىمدە تىلغا ئېلىنغان مەزلۇملاردىن ئۇيغۇر خەلقىگە نەزەر

ئابدۇللا ئارمان

«ئۆۋچىنىڭ ئوقياسى بولسا، كېيىكنىڭ خۇداسى يوقمىكەن!»

—— ئۇيغۇر خەلق ماقالى

ئىنسان ئوغلى دۇنياغا كەلگەندىن تارتىپلا ھەق بىلەن باتىل ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش مەۋجۇت بولۇپ كەلدى. بۇ كۈرەشتە بەزىدە ھەقىقەت غەلىبە قىلىپ، ئادالەت ھۆكۈم سۈرۈپ، ئىنسانلار خۇشال-خۇرام، بەخت-سائادەت ئىچىدە ياشىسا، بەزىدە زالىملار غەلىبە قىلىپ، ئاجىزلارنى بوزەك قىلىپ، ئۇلارنى قان يىغلىتىپ كەلدى. ئاللاھنىڭ ئىنسانلارغا قىلغان چەكسىز ئىنئامى ھاياتىمىزنىڭ مىزانى بولغان قۇرئان كەرىم بىزگە ھاياتىمىزدا دۇچ كېلىدىغان قىيىنچىلىقلار ۋە ئۇلارنى ھەل قىلىش چارىلىرى، شۇنداقلا بېشىمىزغا كەلگەن مۇسىبەتلەرگە قانداق مۇئامىلە قىلىش، دۇچار بولغان ئازاپ ئوقۇبەتلىرىمىزدىن قانداق قوتۇلۇش، ئىززىتىمىزنى قانداق قايتۇرۇپ ئېلىش؛ قىسقىسى، پۈتۈن ھاياتىمىزنىڭ خەرىتىسىنى بىزنىڭ شارائىتىمىزغا ئۇيغۇن ھالەتتە روشەن ئايەت، گۈزەل ئۆرنەك، ئىبرەتلىك قىسسە، يول-يورۇق، بۇيرۇق ۋە تەنبىھلەر ئارقىلىق بىزگە سىزىپ كۆرسىتىپ بەرگەندى. ئەپسۇسكى، ئۇزۇن يىللاردىن بېرى خىتاينىڭ ئېغىر زۇلۇم-سىتەملىرى ئاستىدا ياشاپ كېلىۋاتقان خەلقىمىزقۇرئاننىڭ سەۋرگە قىلىنغان تەرغىباتلىرىدىن باشقا كۆرسەتمىلىرىگە ئانچە ئەھمىيەت بەرمەيۋاتىدۇ ۋە ياكى بەزى كىشىلەر كۈنسايىن كۈچىيىۋاتقان زۇلۇملار سەۋەبلىك ئاللاھنىڭ ياردىمىدىن ئۈمىدىنى ئۈزگەن بولسا، بىرقىسمىلىرى زۇلۇمغا ھېچقانداق قارشىلىق قىلماي بېشىمىزغا

كەلگەن مۇسىبەتلەرگە سەۋر قىلىپ ئۆلتۈرسىلا، «ئۆۋچىنىڭ ئوقياسى بولسا، بىزنىڭمۇ ئاللاھىمىز بار». بىزنى خىتتايلاردىن ئۆزى قۇتقۇزىدۇ دەپ بارچە ئۈمىدنى ئاللاھقا باغلاپ، ھەر قېتىم خىتتايلار ئازراقلا پالاكەتكە يولۇقسا ئۆزىنىڭ ئىدىيەسىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىدىن پەخىرلىنىپ، ئاللاھنىڭ ئۇنىڭغا يۈكلىگەن مەجبۇرىيەتلىرىنى ئادا قىلماستىن بەخىرامان ياشاپ كېلىۋاتىدۇ.

بۇ ماقالىدە قۇرئاندىكى زۇلۇمغا ئۇچرىغانلار ھەققىدىكى بايانلار ۋە ئۇلارغا بېرىلگەن كۆرسەتمىلەردىن بىرقانچىسى ئۈستىدە توختىلىمەن.

## زۇلۇم ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە

ئۇيغۇرتىلى ئىزاھلىق لۇغىتىدە زۇلۇمنى «كۈچلۈكلەرنىڭ ئاجىزلارغا، زالىملارنىڭ مەزلۇملارغا، ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچىلارنىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچىلارغا سالىدىغان جەبىر-جاپاسى؛ شەپقەتسىز ئېزىش؛ ئىستىبداتلىق: مىللىي زۇلۇم، سىنىپىي زۇلۇم» دەپ ئىزاھلايدۇ. [1]

«زۇلۇم» سۆزىنىڭ لۇغەتتىكى مەنىسى ھەقسىزلىق قىلىش، ئۇۋال قىلىش ۋە ھەددىدىن ئېشىش دېگەنلىك بولۇپ، بىر نەرسىنى ئۆز ئورنىدا قويماسلىقنى كۆرسىتىدۇ. «زۇلۇم» سۆزى ئىستىلاھتا كۆپلىگەن مەنىلەردە كېلىدۇ، ئەمما ھەممىسى ھەققەتتىن بۇرۇلۇپ ناھەق ئىش قىلىش دېگەن مەنىدىن چىقىپ كەتمەيدۇ. قىسقىسى، قىلىشقا تېگىشلىك ئىشنى جايىدا قىلماسلىق ۋە ئۇنى باشقىچە قىلىش-زۇلۇمدۇر. ئەمما «زۇلۇم» سۆزىدىن مەسئۇللارنىڭ قول ئاستىدىكىلىرىگە ۋە ھۆكۈمەتلەرنىڭ خەلققە قىلىدىغان زۇلۇملىرىنىلا چۈشىنىۋېلىش چوڭ خاتالىقتۇر. چۈنكى زۇلۇمنىڭ تۈرلىرى ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، ھاياتلىقنىڭ ھەممە ساھەلىرىدە ۋە ئىنسانلارنىڭ كۆپىنچىسىدە دېگۈدەك كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ.[2]

يۇقىرىقى ئىزاھاتلاردىن زۇلۇمدىن شەكلى ھەرخىل ھەقسىز ئىش-پائالىيەتلەرنىڭ كۆزدە تۇتۇلىدىغانلىقىنى كۆرىۋالالايمىز.

## قۇرئاندىكى زۇلۇم ئۇقۇمى

قۇرئان كەرىمدە نۇرغۇن ئايەتلەردە ئاللاھ ئىنسانلارنى ھالاكەتكە ئېلىپ بارىدىغان جىنايەتلەردىن ئاگاھلاندۇرغان. جۈملىدىن زۇلۇم ھەم ئاللاھ ئەڭ كۆپ ئاگاھلاندۇرغان قەبىھ قىلمىشلاردىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. قۇرئان كەرىمدە «زۇلۇم» سۆزى ئوخشىمىغان

[1] ئۇيغۇر تىلى ئىزاھلىق لوغىتى
[2] ئۇستاز مۇھەممەد يۈسۈپنىڭ «زۇلۇم ۋە ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتتىكى تەسىرى» ناملىق ماقالىسىدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

شەكىل ۋە ئىپادىلەر بىلەن 289 ئورۇندا تىلغا ئېلىنغان بولۇپ[1]، ھەر ئورۇندا ئوخشىمىغان ئۇقۇملارنى ئىپادىلەپ كەلگەن. ئۇلارنى تۆۋەندىكىچە ئۈچ چوڭ تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ.

## 1. ئېتىقادىي زۇلۇم:

بۇ قۇرئان كەرىمدە ئەڭ كۆپ تەكرارلىنىدىغان تۈر بولۇپ، ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش، ئۇنى ئىنكار قىلىش، ئىلاھلىق دەۋاسى قىلىش، ئۇنىڭ بۇيرۇقلىرىغا بويۇنتاۋلۇق قىلىش ۋە ئۇنىڭ ئىسىم-سۈپەتلىرىگە شەك كەلتۈرۈش قاتارلىق ئېتىقادىي مەسىلىلەردىن ئىبارەت ئىنساننىڭ ئېغىر ئاقىۋەتكە، دوزاخقا مەھكۇم بولۇشىغا سەۋەبچى بولىدىغان ئاللاھ بىلەن بەندە ئوتتۇرىسىدىكى ئەقىدىۋى پائالىيەتلەردىكى زۇلۇم كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: (ئۆز ۋاقتىدا لوقمان (ھەكىم) ئوغلىغا نەسىھەت قىلىپ: «ئى ئوغۇلچىقىم، ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرمىگىن، شېرىك كەلتۈرۈش ھەقىقەتەن زور گۇناھتۇر» دېدى[2]).

## 2. ئىجتىمائىي زۇلۇم:

ئىجتىمائىي زۇلۇم ئىنسانلارنىڭ كىشىلىك تۇرمۇشىدىكى ئۆز-ئارا مۇناسىۋەتلەردە پەيدا بولىدىغان زۇلۇم بولۇپ، قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىفتە ئۇنىڭ نۇرغۇن تۈرلىرى بايان قىلىنغان. مەسىلەن، باشقىلارنىڭ ھەققىنى يېۋېلىش، ئاتا-ئانىنى قاقشىتىش، قولۇم-خوشنىلارغا ئازار بېرىش، ئاتا-ئانىلارنىڭ بالىلىرىغا زۇلۇم قىلىشى، ئەرلەرنىڭ ئاياللارغا، ئاياللارنىڭ ئەرلەرگە زۇلۇم قىلىشى، سودا-سېتىقتا ساختىپەزلىك قىلىش، ھايۋاناتلارغا زۇلۇم قىلىش، ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈش ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ھاياتىمىزدىكى ھەرخىل ناھەقچىلىك كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئالىملار ئىجتىمائىي زۇلۇمنى خارەكتىرىگە قارىتا تۆۋەندىكىدەك تۆت تۈرگە ئايرىيدۇ: ناھەق قان تۆكۈش، باشقىلارنىڭ مال- مۈلكىگە زىيان سېلىش، يۈز-ئابرۇيىغا چېقىلىش، سىنىپىي ئايرىمچىلىق.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: (ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى دەپ ئەتىگەندە، ئاخشامدا پەرۋەردىگارىغا ئىبادەت قىلىدىغانلارنى (يېنىڭدىن) قوغلىۋەتمىگىن، ئۇلارنىڭ ھېسابىدىن ساڭا ھېچ نەرسە يۈكلەنمەيدۇ (يەنى ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى ئۈچۈن سەن جاۋابكارلىققا تارتىلمايسەن). سېنىڭ ھېسابىڭدىنمۇ ئۇلارغا ھېچ نەرسە يۈكلەنمەيدۇ. ئۇلارنى قوغلىۋەتسەڭ، زالىملاردىن بولۇپ قالىسەن[3]).

---

[1] «موسوعة القران».
[2] سۈرە لوقمان ـ 13ئايەت
[3] سۈرە ئەنئام ـ 52ئايەت

## 3. سىياسىي زۇلۇم:

بۈگۈن ئىنسانلارنىڭ ھايات تەرتىۋىنى ئەڭ كۆپ پاراكەندە قىلىۋاتقان، ئاجىزلار كۈچلۈكلەر تەرىپىدىن بوزەك قىلىنىۋاتقان، ئۇرۇش ـ سوقۇش ئەۋج ئېلىۋاتقان، قەھەتچىلىك، ئاچارچىلىقلارنىڭ يۈز بېرىشىگە سەۋەبچى بولۇۋاتقان، بولۇپمۇ مۇسۇلمانلارنىڭ ئەڭ كۆپ ئېزىلىشى ۋە بوزەك قىلىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتقىنى دەل مۇشۇ سىياسىي زۇلۇمدۇر.

سىياسىي زۇلۇم سىياسەتتىكى ناھەقچىلىق، سىياسىي كەمستىش، ئادالەتسىز سايلام، سىياسىي چىرىكلىك، قىرغىنچىلىق ھەرىكەتلىرى، سىياسىي خىيانەت، باستۇرۇش، سىياسىي ئادالەتسىزلىك، باراۋەرلىك ھوقۇقى بەرمەسلىك، چەتكە قېقىش ۋە ئىرقىي قىرغىنچىلىق قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ[1].

مەزكۇر زۇلۇم ھەققىدە قۇرئان كەرىم ئوخشىمىغان شەكىلدە توختالغان بولۇپ، ئۇنىڭ مەزمۇنى زالىم پىرئەۋن بىلەن بەنى ئىسرائىل ۋەقەلىكىدە ئەڭ روشەن ئىپادىلەنگەن. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: (پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قوشۇنى (مىسىر زېمىنىدا) زۇلۇم قىلىپ (ئىمان ئېيتىشقا) بويۇنتاۋلۇق قىلدى. ئۇلار ئۆزلىرىنى بىز تەرەپكە قايتۇرۇلمايمىز (يەنى قىيامەت ۋە قايتا تىرىلىش يوق، ھېساب ئېلىنىشمۇ، جازاغا تارتىلىشمۇ يوق) دەپ گۇمان قىلدى[2]).

## قۇرئاندىكى مەزلۇملار:

قۇرئان كەرىم بىزگە تارىختا ئۆتكەن مەزلۇم قەۋملەر ۋە ئۇلارنىڭ زالىمغا قانداق قارشى تۇرغانلىقى، ئۇلارنىڭ سۈپەتلىرى ۋە ئىش ـ ھەرىكەتلىرى ھەققىدە نۇرغۇن ئەمەلىي ۋەقەلىكلەرنى شەرھىيلەپ بەرگەن. قۇرئاننىڭ ئۇ قىسسىلەرنى سۆزلەپ بېرىشىدىكى مەقسەت ھەق ـ ناھەق كۆرۈشىدە مەزلۇملۇقتا مەھكۇم بولغان مۇسۇلمانلارنىڭ يولىنى تېپىۋېلىشى ئۈچۈن بەرگەن سىگنالىدىن ئىبارەت. شۇڭلاشقا، بىز بۇ ھالەتلەردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن زۇلۇمدىن قۇتۇلدۇرۇش خەرىتىسىگە مۇراجىئەت قىلىشىمىز، بىزدىن بۇرۇنقىلار ماڭغان يولنى ئىزلاپ مېڭىشىمىز كېرەك.

## مەزلۇم بەنى ئىسرائىل خەلقى:

قۇرئان كەرىمدە كۆپ تىلغا ئېلىنغان قىسسىلەردىن بىرى بەنى ئىسرائىل قىسسىسى بولۇپ، بۇ قىسسىدىن مۇسۇلمانلار ھەرخىل ساۋاق ۋە ئىبرەتلەرنى چىقىرالايدۇ. بۇ قىسسە بولۇپمۇ ئۇلارغا ئوخشاش زۇلۇمغا ئۇچرىغان مىللەتلەرگە نىسبەتەن تولىمۇ

[1] Encyclopedia of world problems

[2] سۈرە قەسەس ـ 39ئايەت

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

پايدىلىق ۋە مەنىلىك قىسسە ھېسابلىنىدۇ.

قىسسىنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى: پىرئەۋن[1] بىر كۈنى قورقۇنچلۇق چۈش كۆرىدۇ ۋە شۇنىڭدىن كېيىن ئىسرائىل ئەۋلادىنى ئازابلاشقا باشلايدۇ. ئۇ كۆرگەن چۈشىدە بەيتۇل مۇقەددەستىن بىر ئوت چىقىپ، ئۇ ئوتنىڭ مىسىردىكى ئىسرائىل ئەۋلادلىرىنىڭ ئۆيلىرىدىن باشقا مىسىرلىقلارنىڭ ئۆيلىرىگە كىرگەنلىكىنى كۆرىدۇ. ئۇ چۈشنىڭ تەبىرى پىرئەۋن پادىشاھلىقىنىڭ گۇمران بولۇشى ئىسرائىل ئەۋلادىدىن بىر كىشىنىڭ قولىدا ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. بەزى رىۋايەتلەردە مۇنداق دەپمۇ كەلگەن: ئۇنىڭ يېنىدا داۋاملىق بىللە تۇرۇدىغان يېقىنلىرى ۋە ئىسرائىل ئەۋلادلىرى ئۆزلىرى ئۈچۈن چوڭ بىر دۆلەت قۇرۇپ بېرىدىغان بىر كىشىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئىچىدىن چىقىشىنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئۇنىڭغا سۆزلەپ بېرىدۇ. شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ پىرئەۋن ئىسرائىل ئەۋلادىدىن تۇغۇلغان قىز بالىلارنى ئۆلتۈرمەي، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن تۇغۇلغان ھەر قانداق ئوغۇل بالىنى ئۆلتۈرۈشكە ۋە ئىسرائىل ئەۋلادلىرىنى ئەڭ جاپالىق ۋە ئەڭ پەس ئىشلارغا سېلىشقا بۇيرۇيدۇ. ئەرلىرىنى ئۆلتۈرۈپ قىرغىن قىلسا قىز ئاياللىرىنى قول قىلىپ خورلايدۇ. پىرئەۋن تەختىدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن قورقۇپ زۇلۇمىنىڭ شىددىتىنى تېخىمۇ ئاشۇرىدۇ، سان ـ ساناقسىز كىشىلەرنى ئۆلتۈرۈپ ھەددىدىن ئاشىدۇ.

ئاللاھتائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: (شۈبھىسىزكى، پىرئەۋن (مىسىر) زېمىنىدا (زومىگەرلىكتە) ھەددىدىن ئاشتى، ئاھالىسىنى بۆلەكلەرگە بۆلۈپ، ئۇلاردىن بىر تائىپە (يەنى بەنى ئىسرائىل) نى بوزەك قىلدى. ئۇلارنىڭ ئوغۇللىرىنى ئۆلتۈرۈپ، قىزلىرىنى (خىزمەتكە سېلىش ئۈچۈن) تىرىك قالدۇردى، پىرئەۋن ھەقىقەتەن بۇزغۇنچىلاردىن ئىدى[2]).

## ئوت ئورەكلىرىگە تاشلانغان مەزلۇم خەلق:

بۇ قىسسە قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىف ئارقىلىق ئىنتايىن تەپسىلى بايان قىلىنغان بولۇپ، مەزلۇملارنىڭ زالىمغا قارشى مەيدانى، مۇستەھكەم ئىرادىسى، سان جەھەتتە ئاز بولسىمۇ سۈنماس روھقا ئىگە ئالىيجاناپ پەزىلىتى ھەققىدە قىممەتلىك ئۆرنەكلەرنى نامايەن قىلىدۇ.

بۇ قىسسە توغرىسىدا ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە بىر سۈرىدە ئالاھىدە توختالغان بولسا، پەيغەمبىرىمىز ئەلەيھىسسالام ئىمام ئەھمەد سۈھەيب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن

[1] خۇددى قەيسەر دېگەن ئىسىم شام بىلەن رۇمنىڭ ھەر قانداق كاپىر پادىشاھلىرىغا، كىسرا دېگەن ئىسىم پارسنىڭ پادىشاھلىرىغا، تۇبىيە دېگەن ئىسىم يەمەنلىكلەرنىڭ كاپىر پادىشاھلىرىغا، نەجاشى دېگەن ئىسىم ھەبەشىستاننىڭ (ئېفۇفىيەنىڭ) پادىشاھلىرىغا قويۇلغان ئىسمدەك، پىرئەۋن دېگەن ئىسىممۇ مىسىرنىڭ كاپىر پادىشاھىغا بېرىلگەن ئاتالغۇدۇر
[2] سۈرە قەسەس ـ 4ئايەت

رىۋايەت قىلغان (سېھىرگەر، راھىب، كىچىك بىر بالا ۋە ئورەككە تاشلانغانلارنىڭ)[1] ھەدىسىدە قىسسىنىڭ ئومۇمىي تەپسىلاتىنى ئۇزۇن ھېكايە قىلىپ بېرىدۇ.

قىسسىنىڭ ئومۇمىي خۇلاسىسى[2]: زالىم پادىشاھنىڭ بىر قېرى سېھىرگىرى بار بولۇپ، ئۇ ئۆزىگە شاگىرت قوبۇل قىلىدۇ. شاگىرتى بىر راھىبنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئاللاھقا ئىمان ئېيتىدۇ. بالا ئۆزىنىڭ ئىمان كەلتۈرگەنلىكىنى دەپ سالىدۇ ۋە پادىشاھ راھىبنى تېپىپ كېلىپ ئۇنى ئىماندىن يېنىشقا زورلايدۇ. ئۇ رەت قىلغاندا ئۇنى ئۆلتۈرۋېتىدۇ. نۆۋەت كىچىك بالىغا كەلگەندە پادىشاھ ھەرخىل ئۇسۇللارنى سىناپ باققان بولسىمۇ بالىنى ئۆلتۈرەلمەيدۇ. ئاخىرى، بالىنىڭ دېگىنى بويىچە پۈتۈن خەلقنى مەيدانغا توپلاپ ئۇلارنىڭ ئالدىدا بىسمىللاھ دەپ ئوق ئۈزگەندىلا بالا ئۆلىدۇ. نەتىجىدە بۇ ئاجايىپ مەنزىرىنى كۆرگەن پۈتۈن خەلق ئاممىسى ئاللاھقا ئىمان ئېيتىدۇ. بۇنى كۆرگەن زالىم پادىشاھ دەرغەزەپ بولۇپ شەھەرگە ئورەكلەرنى كولاتقۇزۇپ ئىماندىن يانمىغان مۇسۇلمانلارنى ئوتقا تاشلاپ قەتلى قىلىدۇ. مۇسۇلمانلار دىنىدىن يانمىغانچە قىرغىن قىلىشنى داۋاملاشتۇرىدۇ. كوچىلاردا مۇسۇلمانلارنى قىلىچتىن ئۆتكۈزىدۇ. مىڭلارچە مۇسۇلمانلار قىرغىن قىلىنىدۇ. ئانىلارنىڭ كۆز ئالدىدا يۈرەك پارىلىرى ئوتقا تاشلىنىدۇ.

## قۇرئاندىكى مەزلۇملاردىن ئۇيغۇر خەلقىگە نەزەر:

ھەممىمىزگە مەلۇم بولغىنىدەك، ئۇزۇن يىللاردىن بېرى ئۇيغۇر خەلقى ئۇچراپ كېلىۋاتقان زۇلۇم-ستەم، ئازاپ-ئوقۇبەتلەر كۈنسېرى ئېغىرلاشماقتا. خەلقىمىز بىزدىن بۇرۇنقى مەزلۇملار ئۇچرىغان بارلىق زۇلۇملارنىڭ ھەممە تۈرىنى ھەتتا بۇنىڭدىن ئىلگىرى ھېچ مىسلى كۆرۈلمىگەن زۇلۇملارنى بېشىدىن كەچۈرۈۋاتىدۇ. يۇقىرىدىكى قىسسىدە بايان قىلىنغان بەنى ئىسرائىل خەلقى بوزەك قىلىنغان، ئاياللىرى مەجبۇرى ئىغىر ئەمگەككە سېلىنغان، چەتكە قېقىلغان، ئائىلىلەر پارچىلانغان، كىچىك بالىلار قەتلى قىلىنغان بولسا، ئۇيغۇر خەلقى ئىرقىي قىرغىنچىلىقتىن ئىبارەت بولغان بۇ زۇلۇملارنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىدە تىركەشمەكتە.

ئوخشاشلا، ئىككىنچى قىسسىدىكى ئورەككە تاشلانغان مەزلۇملار دۇچ كەلگەن زۇلۇملارغا خەلقىمىز 5-ئىيول ئۇرۇمچى قىرغىنچىلىقى، ئىلىشقۇ قەتلىئامى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ۋەتىنىمىزنىڭ ھەرقايسى رايۇنلىرىدا يۈزبەرگەن ئېچىنىشلىق ئاممىۋى شەكىلدىكى قىرغىنچىلىقلارغا دۇچ كەلدى.

پەرزەنتلەر ئاتا-ئانىلىرىدىن ئايرىۋېتىلدى، نەۋقىران يىگىتلەر ئانىلىرىنىڭ كۆز

---

[1] ياخشىلار باغچىسى
[2] بۇ قىسسە سەھىپە ئېتىبارى بىلەن قىسقارتىپ ئېلىندى، تەپسىلاتى ئۈچۈن ياخشىلار باغچىسىغا مۇراجىئەت قىلىڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

قالدىدىلا ئېتىۋېتىلدى. بەرنا قىزلا خارلاندى، ئېپپەتلىرى دەپسەندە قىلىندى. گەرچە بىز ئۇرەك ئىگىلىرىدىن نەچچە مىڭ يىل كېيىنكى بىر دەۋردە ياشاۋاتقان بولساقمۇ دۇچ كەلگەن زۇلۇم ۋە ناھەق مۇئامىلىلەر بىر ـ بىرىدىن پەرقلەنمەيدۇ.

قۇرئان كەرىمدە بىزنىڭ نۆۋەتتىكى ئەھۋالىمىزغا ھەر تەرەپتىن ئوخشايدىغان، بىزگە ئوخشاش زۇلۇمغا ئۇچرىغان قەۋملەرنىڭ قىسسىلىرى تەپسىلىي بايان قىلىنغان. بۇنى بىر تەرەپتىن بىزگە قىلىنغان رەھمەت دەپ چۈشەنسەك، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇلارنىڭ ھاياتى، زۇلۇمغا قارىتا تۇتقان پوزىتسىيەسى، زالىمغا قارشى مۇستەھكەم مەيدانى ۋە ئۇلاردىن غالىپ كېلىش جەريانىدىن ئۆرنەك ئېلىشىمىز، ئۇ جەريانلاردىن دەرس چىقىرىپ بۇ كۈلپەتلەردىن قۇتۇلۇشىمىز ئۈچۈن سىزىپ بېرىلگەن يول خەرىتىسى دېيىش مۇمكىن.

## مەزلۇملارغا يول ـ يورۇقلار:

قۇرئاندا بايان قىلىنغان يۇقىرىقى قىسسىلەر ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ئايەتلەردە زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىلارغا يول يورۇقلار كۆرسىتىلگەن. تۆۋەندە ئۇلاردىن بىر قانچىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ.

### 1. ئۆزىنى تونۇش

ئۆزىمىزنى، كەمچىلىكلىرىمىزنى، سەھۋەنلىكلىرىمىزنى قانچە ياخشى تونۇپ يېتەلىسەك تەييارلىقلىرىمىزنى شۇنىڭغا قارىتا شۇنچە ياخشى قىلالايمىز. نەتىجىدە، ئۆزىمىزنى تونۇپ يەتكەن چېغىمىزدا، ئۆزىمىز بىلەن يۈزلىشىپ، سادىر قىلغان خاتالىق ۋە ئۆتكۈزگەن سەھۋەنلىكلىرىمىزنى ئېتىراپ قىلىشقا قاراپ يۈزلىنىمىز. شۇنىڭ بىلەن مەسىلىنىڭ ھەل قىلىش چارىسىنى ئەسلى ماھىيىتىدىن ئىزدەشكە باشلايمىز. سادىر قىلغان خاتالىقنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسىنى ئۆزىمىزنى ئاللاھقا تاپشۇرۇپ تۇرۇپ ئىزدىسەك، ماھىيەت ۋە چىقىش يولى ئۆزلۈكىدىن ئېچىلىدۇ. مەسىلەن، يۇنۇس ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسى بۇنىڭغا ئەڭ ياخشى نەمۇنە بولالايدۇ. (مەن ئۆزۈمگە زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن بولدۇم[1]) دېگەن دۇئاسى ۋە نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسىدىكى (رەببىم مەن مەغلۇپ بولدۇم، ماڭا ياردەم قىل[2]) دەپ قىلغان دۇئالىرى ئۆزىنى تونۇش، خاتالىقنى ئېتىراپ قىلىش، ئاللاھتىن ياردەم تىلەش قاتارلىقلاردا تېخىمۇ روشەن ئىپادىلەنگەن.

[1] سۈرە ئەنبىيا، ـ 87ئايەت

[2] سۈرە قەمەر، ـ 10ئايەت.

## 2 . ئاللاھتىن ياردەم سوراش

ئاللاھ تائالانىڭ بەنى ئىسرائىل خەلقىگە بەرگەن ئالاھىدە يوليۇرۇقلىرىدىن بىرى (ئاللاھتىن ياردەم تەلەپ قىلغىن[1]) دېگەن كۆرسەتمىسىدۇر. دېمىسىمۇ، مەزلۇمنىڭ ئەڭ چوڭ ياردەمچىسى ئاللاھ تۇرسا ئاللاھتىن ياردەم تىلىمەي كىمگە دەردىمىزنى ئېيتىمىز؟!

## 3 . سەۋەب قىلىش

بۇ مەسىلە ئۇزۇن يىللاردىن بېرى مۇسۇلمانلار ئۆزلايىقىدا مۇئامىلە قىلالماي كېلىۋاتقان مەسىلىلەردىن بىرى. بىر قىسىم مۇسۇلمانلار ئۆمىدنى ئاللاھقىلا باغلاپ ئاللاھنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىشتىكى سەۋەب نەتىجە قانۇنىيىتىنى پۈتۈنلەي نەزەردىن ساقىت قىلسا، يەنە بەزىلىرى ئۆز تىرىشچانلىقى بىلەنلا زۇلۇمدىن قۇتۇلۇپ كېتىدىغانلىقىغا ئىشىنىپ يۈرۈيدۇ. بەنى ئىسرائىل قىسسىسىدىكى مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانىسى ئۆلتۈرۈلۈش نۆۋىتى كەلگەن بوۋىقىنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن مۇراجىئەت قىلغان (بوۋاقنى ئەپ چىقىپ دەرياغا قويۇۋەتكەن، ئارقىدىن قىزىنى ئارقىسىدىن كۆزىتىشكە قويۇشى) سەۋەبى ۋە ئاللاھقا يالۋۇرۇپ قىلغان دۇئاسىدا سەۋەپ ـ نەتىجە مۇناسىۋىتى تېخىمۇ روشەن ئەكس ئەتكەن.

## 4 . زۇلۇمغا قارشى تەييارلىق قىلىش

مەزلۇم مىللەتلەر ئەڭ زور ئەھمىيەت بېرىشكە تېگىشلىك ئەڭ مۇھىم ئىشلارنىڭ بىرى تەييارلىق قىلىشتۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: (دۈشمەنلىرىڭلار (بىلەن ئۇرۇش قىلىش) ئۈچۈن، قولۇڭلاردىن كېلىشىچە قورال كۈچى، جەڭ ئېتى تەييارلاڭلار، بۇنىڭ بىلەن، ئاللاھنىڭ دۈشمىنىنى، ئۆزۈڭلارنىڭ دۈشمىنىڭلارنى ۋە ئۇلاردىن باشقا سىلەر بىلمەيدىغان، ئاللاھ بىلىدىغان دۈشمەنلەرنى قورقۇتىسىلەر. سىلەرنىڭ ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلغىنىڭلار مەيلى نېمە بولسا بولسۇن، سىلەرگە ئۇنىڭ ساۋابى تولۇق بېرىلىدۇ[2]). تەپسىرشۇناسلار بۇ ئايەتتىكى تەييارلىقتىن ئەسكىرى تەييارلىق كۆزدە تۇتۇلغاندىن باشقا، يەنە زالىمغا قارشى ئۇرۇش قىلىش كۈچىگە ئىگە قىلىدىغان، ئۆز دەۋرىدە كۈچ سانىلىدىغان ئىلىم ـ پەن، بىلىم ـ مەرىپەت، ئىقتىسادى كۈچكە ئوخشاش بارلىق ساھەلەردە تەييارلىق قىلىشنى كۆرسىتىدىغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ.

## 5 . ئىماندا مۇستەھكەم تۇرۇش

ئەگەر مەزلۇم خەلق ئىماندا قانچىلىق مۇستەھكەم تۇرۇپ، ئاللاھقا شۇنچە

[1] سۈرە ئەئراف، ـ 128ئايەت.
[2] سۈرە ئەنفال، ـ 70ئايەت.

كېيىنلىنشالىسا ئاللاھنىڭ ياردىمى ئۇ خەلققە شۇنچىلىك تېز چۈشىدۇ. ئورەككە تاشلانغان خەلق ئىچىدىكى كۆز ئالدىدا بالىسى ئوتقا تاشلانغۇاتقاندا بوۋاقنىڭ زۇۋانغا كېلىپ ئانىسىنى مۇستەھكەم تۇرۇشقا رىغبەتلەندۈرشىدىن بۇ نۇقتىنىڭ تېخىمۇ مۇھىملىقىنى ھېس قىلالايمىز. زۇلۇمغا پۇتۇن كۈچى بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىش، رازى بولماسلىق كېرەك. شۇنداقلا زۇلۇمغا ئۇچرىغان خەلقنىڭ قارشىلىق كۆرسەتمەسلىكى زۇلۇمنىڭ تېخىمۇ ئۇزۇنغا سوزۇلۇپ كېتىشىگە سەۋەب بولىدىغان ئامىل ھېسابلىنىدۇ، شۇڭلاشقا، ئەگەر چوڭ زىيانغا ئېلىپ بارمايدىغانلا بولسا، ئاداققىچە كۈرەش قىلىش كېرەك. مۇسا ئەلەيھىسسالام ۋە خەلقىنىڭ سان ۋە كۈچ جەھەتتە شۇنچىلىك ئاجىز تۇرۇپ زالىم پىرئەۋنگە كۆرسەتكەن قارشىلىقى، ھەقتە مۇستەھكەم تۇرۇشىدىن بۇ دەرسنى چىقرالايمىز.

## 6. كېچىلىرى تەھەججۇدقا تۇرۇش

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ۋەھيى قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: (ئۆيلىرىڭلارنى نامار ئوقۇيدىغان جاي قىلىڭلار، نامار ئوقۇڭلار[1]). بۇ ئايەتتە دېيىلگەندەك، مەزلۇملار كېچىلىرى ئاللاھقا يېلىنىپ دۇئا قىلىشى، نامار ئوقۇشى، روھنى پاكلاپ، ئۆزىنى قىيىن ۋەزىپىلەرگە ھازىرلىشى كېرەك. بىر ئايەتتە ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق دەيدۇ: (ساڭا نەپلە (ئىبادەت) بولۇشى ئۈچۈن، كېچىنىڭ بىر قىسمىدا (نامار ئوقۇشقا، قۇرئان ئوقۇشقا) ئويغانغىن، (ئى مۇھەممەد). شۇنداق قىلساڭ رەببىڭ سېنى مەدھىيىلىنىدىغان بىر ماقامغا ئېرىشتۈرىشى مۇمكىن[2]).

## 7. غەلىبە ـ نۇسرەتتىن ئۈمىدۋار بولۇش

ئاللاھ بىزگە قۇرئاندا سۆزلىگەن قىسسىلەر ۋە تارىختىن بىرى مەزلۇملارنىڭ ئاللاھنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىشى بىزنى ھەرۋاقىت ئاللاھتىن ئۈمىدىمىزنى ئۈزمەسلىككە، بۇلارنىڭ ۋاقىتلىق قىيىنچىلىق ئىكەنلىكى، ئاللاھنىڭ بىزگە قويغان بىر سىنىقىدىن ئىبارەتلىكىنى ئەستىن چىقارماسلىقىمىز، ئۆزىمىزنى ھەرۋاقىت شۇ نۇسرەتكە لايىق قىلىشقا تىرىشىشىمىز كېرەكلىكىنى ئەسلىتىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: (زالىملارنىڭ قىلمىشلىرىدىن ئاللاھنى بىخەۋەر دەپ ئويلىمىغىن، ئاللاھ ئۇلارنى جازالاشنى (شۇ كۈننىڭ دەھشىتىدىن) كۆزلەر چەكچىيىپ قالىدىغان كۈنگىچە (يەنى قىيامەت كۈنىگىچە) كېچىكتۈرىدۇ[3]).

---

[1] سۈرە يۇنۇس، ـ 87ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە ئىسرا، ـ 79ئايەت.
[3] سۈرە ئىبراھىم، ـ 42ئايەت.

## 8. ئۇچرىغان زۇلۇمنى سۆزلەشتىن قاچماسلىق

مۇسۇلمانلار ئۇچراۋاتقان زۇلۇملارنىڭ تۈرلىرى كۆپىيىپ، شەكلى قەبىھلەشكەنچە ئۇلاردا ئۆزى ئۇچراۋاتقان زۇلۇمنى باشقىلارغا سۆزلەشتىن قاچىدىغان ياكى سۆزلەشتىن خىجىل بولۇپ، ئۇنى بايان قىلىشنى ۋىجدانسىزلىق ھېسابلايدىغان خاتا قاراشلار پەيدا بولۇۋاتىدۇ. بىز ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرى ئىچىدە ھەم كۆنىمىزدە خىتاينىڭ ناتسىست جازا لاگېرلىرىدا قىز-ئاياللىرىمىز ئۇچراۋاتقان زۇلۇملارنى سۆزلەشنى ئەدەپسىزلىك، بىھايالىق دەپ قارايدىغان ناتوغرا قاراش تارقالماقتا. ئەمەلىيەتتە بەندىلىرىنىڭ بارلىق ئەھۋالىنى ياخشى بىلىدىغان زات مۇشۇ نۇقتىنىڭ ئۆزىنى قۇرئان كەرىمدە تىلغا ئالغان ۋە ئۇنىڭغا ئالاھىدە رۇخسەت قىلغان. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: (زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىدىن باشقا (ھەر قانداق كىشىنىڭ) ئاشكارا يامان سۆز قىلىشىنى ئاللاھ ياقتۇرمايدۇ (زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىنىڭ زالىمدىن شىكايەت قىلىشىغا ۋە ئۇنىڭغا دۇئايىبەت قىلىشىغا بولىدۇ)، ئاللاھ (زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىنىڭ دۇئاسىنى) ئاڭلىغۇچىدۇر، (زالىمنى) بىلگۈچىدۇر[1]).

## 9. جامائەتلىشىش

جامائەتلىشىش بولسا دىنىمىز ئىسلام ئەڭ كۆپ تەكىتلىگەن مەيلى مەزلۇم، مەيلى ھەر مىللەتلەر بولسۇن ھەممىگە باراۋەر شەكىلدە زۆرۈر بولغان ئەمەللەردىن بىرىدۇر. بولۇپمۇ مەزلۇملارغا نىسبەتەن جامائەت ئۇلارنىڭ زۇلۇمدىن تېز راق قۇتۇلۇشى، ئاللاھنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىشىدە ئىنتايىن مۇھىم رول ئويناي دۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامۇ بىر ھەدىستە: «جامائەتتە بەرىكەت بار» دېگەن.

## خۇلاسە:

ھەرقانداق بىر كىشىلىنى ئۇنىڭ مەنبەسى ۋە رىتسىپىنى بىلمەي تۇرۇپ، داۋالاش مۇمكىن ئەمەس. شۇنىڭدەك، ئۆزىمىزنى، ئۆزىمىزنىڭ ئەھۋالىنى ياخشى بىلمەي تۇرۇپ، بىز كىرىپ قالغان بۇ چۆلدىن توغرا يۆنىلىشنى تاپالىشىمىز ئىمكانسىز. پۈتۈن كائىنات ۋە ئىنسانلارنىڭ ياراتقۇچىسى بىزگە سىزىپ بەرگەن يول خەرىتىسى بىزنىڭ بىردىنبىر چىقىش يولىمىزدۇر. بولۇپمۇ دۇنيادا ھېچبىر ياردەمچى ۋەياكى قوللىغۇچىلىرى بولمىغان غېرىپ ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرى ئۈچۈن بۇ زۇلۇملاردىن ئەڭ تېز قۇتۇلۇش يولىدۇر.

بۇ ماقالىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى: ئاتاۋۇللا سەئىد

[1] سۈرە نىسا، ـ148ئايەت.



# دىنىي ئىلىملەر ۋە بەشەرىيەت ئىلىملىرى

ئاپتورى: خەبباب بىن مەرۋانىل ھەمىد | تەرجىمىدە: قارىيە مۇئمىن مەمنۇن

زامانىمىزدا بىلىشنىڭ خاراكتېرى تۈرلۈك بىلىم ساھەلىرىدە كەسىپلىشىشنى نىشان قىلسىمۇ، بۇ ھەرگىزمۇ مەلۇم بىر ئىلىم ساھەسىنىڭ باشقا ساھەلىرى بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى يوق دېگەنلىكنى كۆرسەتمەيدۇ. ئەمەلىيەتتە دىنىي بىلىملەرمۇ ئوقۇغۇچىلاردىن ئۆز كەسپىگە مۇناسىۋەتلىك باشقا ئىلىم ساھەلىرىنىمۇ مەلۇم نىسبەتتە ئۆزلەشتۈرۈشنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ.

ئىلىم-پەن كۈندىن كۈنگە تەرەققىي قىلىۋاتقان، ئىلمىي جاۋاب تەلەپ قىلىدىغان تۈمەنلىگەن مەسىلىلەر ئوتتۇرىغا چىقىۋاتقان بىر دەۋردە ئۆز كەسپىدە چوڭقۇر چۈشەنچىگە ئىگە بولغان، ھەقىقىي يېتىلگەن، تاكامۇللاشقان، مۇتەخەسسىسلەشكەن دىنىي ئۆلىما بولۇش ئۈچۈن، بۇ ساھەدىكى بىرلەمچى ۋە ئىككىلەمچى بىلىملەرنى پەرقلەندۈرۈش زۆرۈردۇر. شۇنداقلا دىققىتىنى تارتقان ئىشلارنى ھەم سوئاللارنى قاچۇرۇپ قويماستىن مۇلاھىزە قىلىشى تېخىمۇ مۇھىم بولۇپ، ئىنسانىي تونۇشقا ياردەم بېرىدىغان ئىجتىمائىي پەن بىلىملىرىدىن پېداگوگىكا، ئالاقەشۇناسلىق، پسىخولوگىيە، جەمئىيەتشۇناسلىق، تارىخ، پەلسەپە، بىلىش نەزەرىيەسى، باشقۇرۇش ئىلمى ۋە سىياسەت قاتارلىق پەنلەرنى ئوقۇغۇچىلارغا ئالاھىدە تەۋسىيە قىلىنىدۇ.

ئىلاھىيات ئوقۇغۇچىلىرى ئۆز كەسپىنى ياخشى ئىگەللەش بىلەن بىرگە، جەمئىيەتشۇناسلىق قاتارلىق پەنلەرگە، شۇنداقلا جەمئىيەت شەكلى، جەمئىيەت تىپى

ۋە توپلۇمنىڭ تەپەككۇر ئادىتىگە نەزىرىنى ئاغدۇرۇشى كېرەك. ئىجتىمائىي ئاڭ ھەم ئىجتىمائىي ئەقلىنىڭ بەرپا بولۇشىدىكى ئاشكارا ياكى يوشۇرۇن ئامىللارنى نەزەردىن ساقىت قىلماسلىقنى ئۆگىنىشىمۇ ھەم زۆرۈر. شۇنداقلا پرىنسىپ، مەيدان، تەھلىل قىلىش ئۇسۇللىرى ۋە ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش مەسىلىلىرىگە مۇناسىۋەتلىك تېمىلاردا ئىزدىنىشكە كۆڭۈل بۆلۈشى كېرەك.

بۇ يەردە شۇنى تەكىتلەپ قويۇش زۆرۈركى، بەشەرىيەت بىلىملىرى بىلەن شەرىئەت ئىلىملىرىنى بىرلەشتۈرۈشتىن مەقسەت، مەزكۇر بىلىملەرنى قوشكېزەك قىلىش ئەمەس. شۇنداقلا قارىغۇلارچە بىرلەشتۈرۈشمۇ ئەمەس ياكى ئىلمانىزىم قىممەت قارىشى بىلەن يۇغۇرۇلغان ئىجتىمائىي روھتىن ئىسلامى قىممەت قاراش پەيدا قىلىش تېخىمۇ ئەمەس، بەلكى پايدا-زىياننى ئاڭقىرىپ، توغرا-خاتانى ئايرىپ، مەنپەئەتلىك تەرەپلەرنى قوبۇل قىلىش، زىيانلىقلىرىنى تاشلاشتۇر؛ دۇنياۋى ھادىسىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشقا مۇناسىۋەتلىك شەرئىي ئىلىم پرىنسىپلىرى بىلەن غەربلەشتۈرۈش نىيىتىدە قوللىنىلغان ئىجتىمائىي تەدبىرلەر ياكى ھەر خىل دىندىن، ھەرخىل ئېقىمدىن شەكىللەنگەن بىر جەمئىيەتنىڭ ئورتاق باش قېتىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىدىغان ئۇسۇللارنى ئۆز-ئارا سېلىشتۇرۇپ تەكشۈرۈشتىن ئىبارەتتۇر؛ بىلىملەر ئارا مەلۇمات بىرلەشتۈرۈش دېگىنىمىز بەشەرىي ۋە ئىجتىمائىي پەنلەرنى توغرا چۈشەنچىدە ئۆزلەشتۈرگەندىن كېيىن، بۇ پەنلەردىن سۈزۈپ ئالغان جەۋھەرنى دىنى قىممەت قاراش ۋە شەرئىي بىلىم بىلەن ئىسلاھ قىلىپ ئەمەلى قوللىنىشتۇر، مەقسەت خاتا ھۆكۈم چىقارماسلىق، ئۆلىمالار جەمئىيەتنى چۈشەنمەيدۇ، ئىدىيەسى قالاق، دەۋرگە بېقىپ پەتىۋا چىقىرالمايدۇ دېگەن قالپاققا خاتىمە بېرىش ئۈچۈندۇر. مانا بۇلار مەزكۇر بىلىملەرنىڭ باغلىنىشىدۇر. مانا بۇلار مەزكۇر ئىلىملەر ئارىسىدا مەلۇماتلارنى بىرلەشتۈرۈشتۇر.

ئومۇمى جەھەتتىن ئېيتقاندا، بەشەرىيەت بىلىملىرىنىڭ شەرئىي ئىلىملەر بىلەن مەلۇم نۇقتىدىن كېسىشىدىغان تەرەپلىرى بار. بۇلار ئۆز-ئارا ھەمكارلىق ئورنىتىش، بىر-بىرىنى تولۇقلاش ۋە بىلىم ئالماشتۇرۇشقا ئوخشاش باغلىنىش مۇناسىۋەتلىرىدە ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىدۇ.

شۇنىسى ئېنىقكى، بەشەرىيەت بىلىملىرى ئىجتىمائىي قۇرۇلما ۋە ئىنسانىي ئىستىل بەرپا قىلىشتا غەربچە تەپەككۇر ۋە ئىدىيەلەر بىلەن لىق تولغان. شۇنداقتىمۇ بۇ بىلىملەر بىزنى ئىجتىمائىي تەپەككۇر بىلەن ئىجتىمائىي پەنلەرنى مەخسۇس شەرئىي بىلىملەر نۇقتىسىدىن تۇرۇپ تەتقىق قىلىشقا ئۈندەيدۇ. ئىنساننىڭ ساپ تەبىئەت ھالىتىنى تەسۋىرلەپ بېرەلەيدۇ، شەرئىي ئىلىملەرنىڭ باغلىنىش، تەتبىقلىنىش دائىرىسىنى بايقاشقا قىزىقتۇرىدۇ.

www.uyghurkitap.com

# دىنىي ئەھكاملارنى چىقىرىشتا ياردەمچى بىلىملەردىن قانداق پايدىلىنالايمىز؟

بىلىم ۋاستە بىلىملىرى ۋە غايە بىلىملىرى دەپ ئىككى خىل بولۇپ، بەزىلەر دىنىي ئەھكاملارنى چىقىرىشتا ئالىملارغا ياردەمچى بولىدىغان ئۈچىنچى خىل بىلىم يەنى ياردەمچى بىلىملەر تۈرىنى ئوتتۇرىغا قويغان. شەرئىي ئىلىملەر بىلەن ئىجتىمائىي پەنلەرنىڭ ئۆز-ئارا تەسىر قىلىشىشى نەتىجىسىدە ئالىملار دىنىي ئەھكاملاردا مۇھىت ۋە شەرت-شارائىتنى چىقىش قىلغان ئاساستا پەتىۋا بېرەلەيدۇ. ئىلگىرى ئالىملار بىلىمنى تۈرلەرگە ئايرىپ خىلمۇ-خىل ئاتالغۇلارنى قوللانغان. ئەللامە ئىبنى رۇشد «زۆرۈرىيەت» دېگەن كىتابىدا ئىلىملەرنىڭ تۈرلەرگە ئايرىلىشى ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «ئىلىملەر بىۋاستە مەقسەت ئىلىملىرى ۋە بۇلارنى ئۆگىنىشتە ياردەمچى بولىدىغان غەيرى مەقسەت ئىلىملىرى دەپ ئىككى خىل بولىدۇ». بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا ئىلىملەر ئەسلىدە ۋاستە بىلىملەر، ئانا بىلىملەر ۋە ياردەمچى بىلىملەر دەپ ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ.

ھەرقايسى شەرئىي ئىلىملەردىن بىر نەچچە مىسال بېرەيلى:

مەسىلەن: قۇرئان كەرىم بىلىملىرىگە كەلسەك، ئايەتلەرنىڭ ۋەقە، ھادىسىلەرنى، شەرت-شارائىتنى نەزەرگە ئالغان ئاساستا نازىل قىلىنغانلىقىنى بايقايمىز. شۇڭلاشقا قۇرئان كەرىم بىر قېتىمدىلا نازىل قىلىنماستىن پارچە-پارچە، بۆلەكلەرگە بۆلۈپ نازىل قىلىنغان. قۇرئان كەرىمنىڭ نازىل قىلىنىش ھالەتلىرىگە مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىك شارائىت ۋە مۇھىتلاردا يۈز بەرگەن نۇرغۇنلىغان سەۋەپلەر بار. بۇ ئايەتلەر ئۆز ۋاقتىدا مەلۇم كىشى ۋە توپنىڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلغان بولسىمۇ، كېيىنچە ئۈممەتتە ئومۇملاشقان قانۇنغا ئايلانغان. چۈنكى شەرئىي پىرىنسىپ بويىچە ئايەتنىڭ نازىل بولۇشىدىكى سەۋەپ قىسمەنلەشتۈرۈۋېتىلگەن بولمىسىلا، سەۋەبنىڭ خاسلىقى ئەمەس، بەلكى خىتاپنىڭ ئومۇمىيلىقى ئېتىبارغا ئېلىناتتى.

ھەدىس شەرىف بىلىملىرىگە كەلسەك، ھەدىسلەرنىڭ ئورامى ۋە كېلىپ چىقىش سەۋەبلىرى ھەققىدە ئاز بولمىغان مەسىلىلەر بار. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرى شەرت-شارائىتنىڭ تەلەپ، تەقەززالىرىغا مۇناسىپتۇر. ئەھكامغا مۇناسىۋەتلىك ھەدىسلەر ئىجتىمائىي قىيىنچىلىقنى بىتەرەپ قىلىش ئۈچۈن ئاللاھ ئىلھام قىلغان ۋەھيىدۇر. دېمەك، ئايەت، ھەدىس ھېچقاچان ئىجتىمائىي مۇھىتتىن يىراق، چارە-تەدبىر قوللىنىشقا تېگىشلىك ۋەقە، ھادىسىلەر بىلەن مۇناسىۋەتسىز ھالدا نازىل قىلىنغان ئەمەس، ئىلھام قىلىنغانمۇ ئەمەس. كونىلاردا «ھەدىس رىۋايەت قىلغۇچى ۋە ھەدىسنىڭ تېكىستىگە يۇرت بىلەن شۇ يۇرت كىشىلىرىنىڭ ئالاھىدە تەسىرى بولىدۇ» دېگەن گەپ بار بولۇپ، ئىسناد ئىلمىنىڭ ھەدىس بىلىملىرى قاتارىدىن ئورۇن ئېلىپ ئالاھىدە تەسىرگە ئىگە بولۇشى تۈرلۈك ۋەقەلەرنى تەكشۈرۈپ تەھلىل

قىلىشتا ئىجتىمائىي پەنلەر بىلەن بىرلىشىپ كېتىدۇ.

فىقھى پەلسەپەسى، ئۇسۇل فىقھى ئىلمىگە كەلسەك، بۇ ئىلىم توغرا تەپەككۇر مەنتىقىسى بىلەن زىچ باغلىنىشلىق بولۇپ، شەرئىي ھۆكۈم چىقىرىشتىن بۇرۇن ئايەت، ھەدىسنىڭ نازىل قىلىنىشىغا ئائىت نۇرغۇن تەرەپلەرنى تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭدىن سىرت ئەقىدە ئىلمى بىلەنمۇ بىرلىشىدۇ، ئىجتىمائىي ھادىسىلەردە يىغما خۇلاسە چىقىرىش ئارقىلىق خىلمۇ-خىل مەسىلىلەر ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارىدۇ، شۇنداقلا بۇ ئىلىم چوڭقۇر چۈشەنچە، تېرەن پىكىرلەر ئاساسىدا شەرىئەت مەقسەتلىرى ئىلمى بىلەنمۇ بىرلىشەلەيدۇ، «ئەسلى مەقسەت قىلىنغان ئەمەلنىڭ ھۆكمى ۋاستىگىمۇ تەتبىقلىنىدۇ» دېگەن قائىدىگە بىنائەن شەرئىي ھۆكۈم ئېلىشتا ھەر قاچان غايە، مەقسەت، سەۋەب، نەتىجە ئالاھىدە ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ.

دەۋەت بىلىملىرىگە كەلسەك، بۇ بىلىم پسىخولوگىيە، پېداگوگىكا، نۇتۇقشۇناسلىق ئالاقشۇناسلىق، كىشىلىك تەرەققىيات، توغرا تەپەككۇر قىلىش مېتودلىرى، پىلان، لايىھە تۈزۈش، تارقىتىش ۋە تەشۋىقاتچىلىق قاتارلىق بىلىملەر بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىكتۇر.

تەلىم-تەربىيە، ئەدەب-ئەخلاق ۋە روھىيەتكە ئالاقىدار مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسى پېداگوگىكا ۋە پسىخولوگىيە بىلەن باغلىنىشلىقتۇر. چۈنكى بۇ يەردە مەقسەت روھىيەتنى ئۆزگەرتىش، قەلبنى ئىسلاھ قىلىش، يۈكسەك قىممەت قاراشقا ئىگە جەمئىيەت بەرپا قىلىشتۇر. ئىسلامىي بىلىملەر ۋە ئۇنىڭ تەتقىقات مېتودلىرى دەۋرىمىزدىكى بىلىش نەزەرىيەسى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىكتۇر.

بىز بۈگۈنكىدەك ئىلىم ساناقسىز ساھەلەرگە بۆلۈنۈپ كەتكەن، ھەر ساھە دېڭىزدەك مەلۇماتقا ئىگە بىر دۇنيادا ئېنسىكلوپېدىك بىر مەلۇمات ساھىبى بار دېيەلمەيمىز. بەلكى بار دەپ پەرەز قىلغان تەقدىردىمۇ، ئىلمىي ئېنسىكلوپېدىيەگە خاس نۇرغۇن ئىلىم-ئىرپاننى ئۆزلەشتۈرۈشنى تەقەززا قىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇلارنى ئىگەللەپ ئەمەلىيەت بىلەن بىرلەشتۈرۈپ مۇناسىپ ھۆكۈملىرىنى يەكۈنلەش، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشىنىش، تېخىمۇ ئەتراپلىق تەپەككۇر يۈرگۈزۈشكە باغلىق بولىدۇ، ئەلۋەتتە.

شۇڭلاشقا، بىز شەرئىي بىلىملەر بىلەن بەشەرىيەت ئىلىملىرى ئارىسىدىكى كەسپى باغلىنىشنى ۋە بىر-بىرىنى تولۇقلايدىغانلىقىنى بىلىشىمىز ھازىرقى ئەڭ زۆرۈر مەسىلىلەرنىڭ بىرىدۇر.

ئىسلام قانۇنشۇناسلىقىدا مۇتەخەسسىس بولغان كىشى ئىنسانلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەپلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان ساھەلەردە ئىزدەنسۇن، كىمكى ھەدىس ئىلمى بىلەن شۇغۇللىنىدىكەن، ھەدىس شەرىفتىكى ئىنسانلار ھاياتىنىڭ ھەممە ساھەلىرىدە دۇچ كېلىدىغان مەسىلىلەرگە ئاچقۇچ بولالايدىغان يوللار ھەققىدە ئىزدەنسۇن

www.uyghurkitap.com

ۋە ئۇلگىلىك چارە تەدبىرلەرنى رېئاللىققا بىرلەشتۇرۇپ تۇرلۇك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىسۇن.

بىز شۇنى تەۋسىيە قىلىمىزكى، دىنى بىلىملەر مۇتەخەسسىسلىرى شەرىئەت پەنلىرىنى رېئاللىققا بىرلەشتۇرۇپ، بۇ ئىلىملەرنىڭ ئۆزئارا تەسىرىنى گەۋدىلەندۇرۇشكە ئەھمىيەت بەرسۇن. بەشەريي ئىلىملەرنىڭ ئابستراكت نەزەرىيەنىلا ئاساس قىلىپ، مەنئۇيەتتىن يىراقلىشىپ، پەقەت ماددىيەتكىلا كۆڭۈل بۆلۈشكە خاتىمە بەرسۇن.

ئىلاھىيات ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئادىمىيەت ۋە ئىجتىمائىي پەنلەرنى ئۆزلەشتۇرۇشىنىڭ مۇھىملىقى

دەۋرىمىزدە بەزىلەرنىڭ مۇسۇلمانلار ئىلىم-پەنگە كۆڭۈل بۆلگەن ۋە ئۇنى بەلگىلىك سەۋىيەدە تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ئەڭ ياخشى ئۇسۇللارنى بايقاپ، قابىلىيەتلىك كىشىلەرنىڭ تەپەككۇرىغا ماس كېلىدىغان يوللارنى ئوتتۇرىغا قويغان، ئەمما ئۇلار بۈرۈنقى دەۋرلەردە بەشەريي ۋە ئىجتىمائىي پەنلەرگە ئانچە كۆڭۈل بۆلمىگەن، ئىلىم-پەن بىلىملىرىگە قىزىقىشى دېگەندەك يېتەرلىك ئەمەس ئىدى دېگەن قاراشلىرى قاپقارا يالغانچىلىقتۇر.

بەشەريي ۋە ئىجتىمائىي پەنلەر قەدىمكى كىشىلەر ئۈچۈن قانداق مۇھىم بولغان بولسا ھازىرقى ئىنسانلار ئۈچۈنمۇ شۇنداق مۇھىمدۇر. بۈگۈنكى كۈندە بۇ بىلىملەر ئىنسانىنى تېخىمۇ توغرا تونۇش ۋە ئىجتىمائىي پەنلەرنىڭ چەك-چېگراسىنى بەلگىلەش جەھەتتە كۆنسېرى تەرەققىي قىلماقتا.

شۇنىڭدەك ۋەھيىمۇ مەلۇم شەرت-شارائىت، ۋەزىيەتنى چىقىش قىلغان ھالدا نازىل بولغان ئىدى، قۇرئان كەرىممۇ ئىنسانىيەت بىلەن ئىلىم-پەن مەۋجۇت بولۇشتىن ئىلگىرى يەر يۈزىدە نازىل بولغان ئەمەس. ئۇ نازىل بولغاندا بەشەرىيەت بىلىملىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئاز بولمىغان تۆھپىلەرنى قوشتى، ئىنسانلارنى بۇ بىلىملەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا چاقىردى، پۇچەكلەشكەن تەپەككۇر ۋە خاتا چۈشەنچىلەرگە تۈزىتىش بەردى.

دەرھەقىقەت، دەۋرىمىزدىكى ئىجتىمائىي ۋە بەشەرىيەت پەنلىرى ماھىيەت جەھەتتىن ئىجتىمائىي ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلغان بولۇپ، دىنىي قىممەت قاراشلار پەقەت نەزەرىيەدىلا ساقلىنىپ قالغان. بۇ بىلىملەر ئاساس قىلغان پىرىنسىپلار ئىسلام ئىدىيىسىگە، شەرئىي ھۆكۈملەرگە ئۇيغۇن بولمىغانلىقى ئۈچۈن تالىپلار ئۇلارنى ئۆگىنىشتىن ئىزچىل ئۆزىنى قاچۇرۇپ كەلمەكتە. شۇنداقلا بۇ بىلىملەر خاراكتېر جەھەتتىن ئىلمانىزىم، لىبېرالىزم ۋە ماتېرىيالىزم ئىدىيەسى بىلەن يۇغۇرۇلغانلىقى سەۋەبىدىنمۇ رەت قىلىنىشقا ئۇچرىماقتا.

مېنىڭچىمۇ تالىپلارنىڭ يۇقىرىقى قاراشلىرى ناتوغرا ئەمەس، ئەلۋەتتە. بۇ يەردە چېركاۋنىڭ دىندارلىقنىڭ ئەكس تەسىرى ھەققىدە ئىزاھات قوشۇپ قويماقچىمەن. ئۆز

ۋاقتىدا چېركاۋلار خەلققە خىرىستىئان ياكى بۇتپەرەس پوپلارنىڭ بۇرمىلىشىدىن خالى بولالمايدىغان دىنىي، روھانىي ئېغىر مەجبۇرىيەتلەرنى يۈكلىگەن ئىدى. چېركاۋ پوپلىرى ئۆزلىرىنىڭ دىنىي چۈشەنچىسىنىڭ يېتەرسىز بولغانلىقىدىن، خاتا قاراش ۋە ئەھمىيەتسىز ھۆكۈملەرنى ئاساس قىلىپ، ئارىلىشىشقا ماس كەلمەيدىغان ئىشلارغا ئارىلىشىشقا باشلىغان، ۋە ئاللاھ تائالا رۇخسەت قىلغان ئەمەل ئىبادەتلەرنى چەكلىگەن، دىنىي دۇنيادىن ئايرىش يولىنى بەرپا قىلىش كويىدا يۈرگەن. شۇنىسى ئېنىق بولسۇنكى، بۇ دۇنيادا دىنىي بۇرمىلىغان بىرى ھېچقاچان دۇنيانى ئىسلاھ قىلالىغان ئەمەس، ئىنسانىيەت ھەم دىنىي بۇرمىلايدىغانلارغا قۇلاق سالغانمۇ ئەمەس. بۇنداق كىشىلەر ھېچقاچان ئىجتىمائىي رېئاللىقنى تولۇق چۈشەنمەيدۇ، ھەمدە توغرا يۆنىلىشتە تەتقىقاتمۇ قىلالمايدۇ.

مەيلى شەرق جەمئىيىتى بولسۇن ياكى غەرب جەمئىيىتى بولسۇن، دىنغا زىت ۋە قارشى تۇرىدىغان پرىنسىپلارنى تۈزۈپ چىقىشقان. ئۇلار ھەتتا قوپاللىق بىلەن: «دىن ئىنسانلارنىڭ ئەپيۇنىدۇر» دېگەنىدى. ھەمدە بۇ پرىنسىپلارنى دىنىي قىممەت قاراشلاردىن يىراقلاشتۇرۇشقا ئۇرۇنۇپ دىندىن پۈتۈنلەي ئايرىپ كەلگەنىدى. شۇنداقلا ئۆزلىرىنىڭ قىممەت قاراشلىرىغا پەرقلىق نەزەرىيەلەرنى ئاساس قىلىپ كەلگەن بولۇپ، گاھىدا تەجرىبىگە تايانسا، گاھىدا ئىلمىي پەرەزلەرگە تايىناتتى ياكى ئىزدىنىش، كۆزىتىش، سېزىش ۋە ئىستاتىستىكىلىق مەلۇمات ئانالىزىنى ئاساس قىلاتتى. ئۇلار بۇ ئىلمىي خىزمەتلىرىنى دىنىنىڭ ئورنىنى باسالايدۇ ھەم ئىنسانلارنى دىندىن بىھاجەت قىلالايدۇ دەپ ئويلاپ قالغانىدى.

تەبئىي پەنلەر ئابستراكت بولۇش بىلەن بىرگە ئىلمىي تەجرىبە خاراكتېرىگە ئىگە بولۇپ، سانائەت ئىنقىلابى دەۋرىدە ئىجادىيەت ۋە يېڭىلىق يارىتىشتا چوڭ سەكرەشلەر بولدى. بۇ نۇرغۇن كىشىلەردە دەۋرگە ماسلىشىپ ئالغا ئىلگىرىلەش ۋە مەرىپەتنى قولغا كەلتۈرۈپ ئاقارتىش ئېلىپ بېرىش، قالاقلىقتىن قۇتۇلۇپ ئاجىزلىق ھاڭلىرىدىن ھالقىپ ئۆتۈش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈردى. كېيىنچە ئۇلار بۇ تەرەپتىكى مۇۋەپپەقىيەت يوللىرىنى ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتىغا تەتبىقلاشنى ئويلىدى. ھەمدە ئۇلار پسىخولوگىيە، جەمئىيەتشۇناسلىق، باشقۇرۇش ۋە ئىقتىساد قاتارلىق ساھەلەردە دىنىنىڭ ئورنىنى، نوپۇزىنى، ھۆكۈمرانلىق روھىنى بۇ ساھەلەردىن پۈتۈنلەي ئۆچۈرمەكچى بولدى.

دەل مانا بۇ يەردە بەشەرىيەت ئىلىملىرى روھىيەتتىن ئاستا ئاستا مەھرۇم بولۇشقا باشلىدى. ئۇ نوقۇل فىزىكىلىق تەرەپنىلا ئاساس قىلغان ھالدا باش كۆتۈردى. تۇرلۇك ۋىجدانى ۋە ھېسسى نەزەرىيەلەر بىلەن بىرگە ئەقلىنى تۈۋرۈك قىلغان پىكىر يۈرگۈزۈشنى ئۆزگىچە مېتود قىلدى. قانداقلا بولمىسۇن، بۇ تالىپلارنىڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ساھەسىدە ئىزدىنىشىنى، تەتقىق قىلىشىنى چەكلەپ قويمايدۇ، ئەلۋەتتە.

1. قۇرئان كەرىم، سۈننەت ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالىنى ئوقۇپ

باققان كىشى، نۇرغۇن ئايەت ۋە ھەدىس شەرىفلەرنىڭ ھەم ۋەقە ھادىسىلەرنىڭ ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائىي تەرەپىنى نەزەردىن ساقىت قىلمىغانلىقىنى، بىردەك ئىنسانلارنىڭ تەبىئىتىگە خىتاب قىلىش ئارقىلىق ئىنسان تەبىئىتىنى يورۇتۇپ بەرگەنلىكىنى بايقىيالايدۇ، ئىجتىمائىي رېئاللىقنى تونۇپ يېتىپ ئۇلارغا قانداق قاراش، قانداق مۇئامىلە قىلىشنى ئۆگىنەلەيدۇ. گەرچە بۇ ئىشلار ھەر يەردە كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇرسىمۇ، بايقاشقا، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا ۋە ئايدىڭلاشتۇرۇشقا موھتاج. مانا بۇ جەريان دىنىي ئەھكاملاردا قانداق مۇھىم بولسا، بەشەرىيەت بىلىملىرىدىمۇ شۇنداق مۇھىمدۇر. چۈنكى شەرئىي ئەھكاملار ئىبادەتنىڭ تەلەپ قىلىنغىنىدەك ئىجرا قىلىنىشى ئۈچۈن ئەمەلىيەتكە باغلانغان بولىدۇ. ئىنسانىيەتكە مۇناسىۋەتلىك ساھەلەر مەخلۇقاتلارنىڭ يارىتىلىشىدىكى ئىلاھىي مەقسەت قانۇنىغا چېتىشلىق بولىدۇ، تەكلىفىي ھۆكۈملەر بىلەن ۋەزئىي ھۆكۈملەرنىڭ ئۆز- ئارا ماسلىشىشىغا ھەم مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ.

2. دىنىي ساھەدە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلار ھەرىكەت مىزانىنى زامانىۋىي ۋە ئەمەلىي تەجرىبىلەر ئەندىزىسىنى ئاساسەن ئىجتىمائىي پەنلەر تەشكىل قىلغان. بۇ ئىلىملەر نوقۇل ئەمەلىي مەرىپەت بولۇپلا قالماستىن، بەلكى دۇنيا تەرتىپى ۋە سىستېمىلىرىنى ئىزاھلايدۇ. شۇڭا بۇ ئىلىملەرنى قېزىپ چىقىپ، چوڭقۇر تونۇش ھاسىل قىلىش دىنىي بىلىملەرنىڭ تېخىمۇ يۈكسىلىشىدىكى تۈپ ئاساستۇر. تالىپلاردىكى پىكرىي يۈكسىلىش مەلۇماتلارنى يادقا ئېلىش بىلەن ئەمەس، بەلكى توغرا تەپەككۇر بىلەن مەلۇماتلارنى ئۇممەتنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرالىشى بىلەن ئىشقا ئاشىدۇ.

3. بىر دىنىي ئوقۇغۇچى تەرەققىيات، مەدەنىيەت، ئەقلىي ۋە ئىجتىمائىي يۈكسىلىشكە ھەققىي تۆھپە قوشۇشى كېرەك، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇلاردا رېئاللىققا ماس كېلىدىغان ھەل قىلىش چارىسى، چىقىش يولى ۋە باشقا تاللاشلارنى بايقاش ئىقتىدارى يېتىلگەن بولۇشى لازىم. جەمئىيەتنى ئىسلاھ قىلىشتا ئۇنۇم، سۈپەت ۋە تەجرىبىنى ئاساس قىلغان ئەمەلىي ۋە ئېلاستىكىلىقتا ئىگە ئۇسۇل، ۋاسىتىلەرنى ئوتتۇرىغا قويالىشى كېرەك.

4. تالىپلار جەمئىيەتنى توغرا چۈشىنىپ رېئاللىقنى ھەققىي تونۇيالىشى، بۇلاردىن چىققان ئىسلاھاتچىلار جەمئىيەتتىكى پىكرى يۈزلىنىشىنى شەكىللەندۈرەلىشى؛ ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەرگە ئەمەلىي ھەل قىلىش چارىلىرىنى تاپالىشى؛ يۈز بەرگەن ھەر بىر ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشكە دادىللىق بىلەن يۈزلىنەلىشى كېرەك. ھەرقانداق ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش مەلۇم ئىجتىمائىي پىكرنى پەيدا قىلىدۇ، ئىلمىي مېتودقا ھاجىتى چۈشىدۇ، تۇراقلاشتۇرۇلمىغان، ئىنتىزاملاشتۇرۇلمىغان، ئىلمىي تەتقىقات ئېلىپ بېرىلمىغان مەسىلىلەر ھامان تەرتىپسىزلىشىدۇ، پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە بولالمايدۇ.

5. تالىپلار دىنىي مەسئۇلىيەت ۋە مەجبۇرىيەتلەر بىلەن رېئاللىق ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىشنى تېخىمۇ چوڭقۇر ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشى كېرەك. فەقىھ ياكى مۇجتەھىدلەر شەرئىي ھۆكۈملەرنى رېئاللىققا تەتبىقلاشتا بىر قانچە باسقۇچنى بېسىپ ئۆتىدىغان

بولـۇپ، ئەمەلىيەتنـى چىقىش قىلغـان ئاساسـتا فىقھشۇناسـلىقتىكى ئۇسـۇل، قائىدىلەرنـى ئـۆز جايىـدا قوللىنىشـى كېـرەك. بـۇ ۋەجىدىـن ھەربىـر مۇجتەھىـد ئـۆزى تۇرۇۋاتقـان ئىجتىمائىـي ئەمەلىيەتنـى ھەققـى رەۋىشـتە تونـۇپ يېتىشـىنىڭ ئىجتىھادىنىـڭ تۇنجـى قەدىمى ئىكەنلىكىنـى بىلىشـى كېـرەك، كۆنىمـزدە بـۇ تەرەپلەرنىـڭ تېگى ـ تەكتىنـى چۈشىنىشـنىڭ تولىمـۇ مۇشـكۇل ئىكەنلىكىنـى، ئاجايىـپ مۇرەككـەپ ھالەتكـە ئايلانغانلىقىنى ئۇنۇتماسـلىقى، شـۇنداقلا ئۆزىنـى قاچۇرماسـلىقى، خىلمۇ ـ خىـل مېتودلارنـى قوللىنىـش ئارقىلىـق ئامـال بار خاتالىقتىـن ساقلىنىشـى كېـرەك. ئاندىـن كېيىـن ھـەر مىللەتنىـڭ ئۆرپ ـ ئادىتىنـى ئەسـتايىل تەكشۈرۈشـى لازىـم. بىـز ئۆرپ ـ ئادەتنـى شـەرئىي ھۆكۈملەرنـى چىقىرىـش مەنبەسـى دەپ قارايدىغانـلا بولساق، مۇجتەھىدلـەر بىكىنمىچىلىكتىـن سـاقلىنىپ ھـەر مىللـەت خەلقىنىـڭ ئۆرپ ـ ئادىتـى ھەققىـدە مەلۇمـات سـاھىبى بولۇشـقا ئىنتىلىشـى كېـرەك. مانـا بۇ باسـقۇچنى جەمئىيەتشۇناسـلىق ۋە ئۇنىـڭ مېتودلىرىنىـڭ ياردىمىـدە شـەرئىەتنىڭ تەلـەپ، تەقەززاسـىغا ئۇيغـۇن شـەكىلدە بېسـىپ ئۆتكىلـى بولىـدۇ. بـۇ باسـقۇچتا ئىجتىمائىـي تەتقىقـات ئاساسـلىق يـادرو ھېسـابلىنىدۇ.

6. تالىپـلار يەنـە ئايـەت بىلـەن ھەدىـس خىتـاب قىلغـان مۇھىـت، شەرت ـ شـارائىتنى توغـرا مۆلچەرلـەپ، شـەرئىي دەلىللەرنىـڭ كۆرسـەتمىسـىنى ئامالنىـڭ بارىچـە رېئاللىققـا توغـرا تەتبىقـلاش ئۈچـۈن، سانائەتلەشـكەن، بازارلاشـقان ۋە ياكـى يېـزا ئىگىلىكـى خاراكتېرىدىكـى جەمئىيەتلەرنـى ياخشـى پەرقلەندۈرۈشـى كېـرەك. ئەلۋەتتـە، بـۇ جەريـان ئىسـلام فىقھشۇناسـلىقىنىڭ توغـرا دەلىلـلەش پرىنسـىپلىرى بويىچـە ئېلىـپ بېرىلىـدۇ.

7. تالىپـلار شـۇنى بىلىشـى كېرەككـى، شـەرئەت ئىلىملىـرى ماھىيـەت جەھەتتىـن ئېلاسـتىكلىققا ئىگـە بولـۇپ، قۇرئـان ۋە سـۈننەت ئۆزگەرمـەس ۋەھىـي بولـۇش بىلـەن بىـر ۋاقىتتـا يەنـە ئۆزگىرىشـچان دۇنياغـا تەتبىقلىنىشـتا جانلىقلىققـا ئىگـە. دۇنيادىكـى ھەرقانـداق ئەمەلنىـڭ، ھەرقانـداق ھەرىكەتنىـڭ ئۆزگـە خـاس شـەرئىي كۆرسـەتمىسى ھـەر زامـان چوقـۇم تېپىلىـدۇ. بـۇ دۇنيادىكـى تۈمـەن مىـڭ خىـل ئىش ـ ھەرىكەتلەرگـە ئـەڭ مۇناسـىپ شـەرئىي دەلىللەردىـن دەلىللەنگـەن ھۆكۈملـەر ھـەر ۋاقىـت تەييـاردۇر.

8. تالىپـلار ئىجتىمائىـي پەنلەرنىـڭ تەتقىقـات ئەندىزىسـى بويىچـە ئىمكانقەدەر نىگىزلىك تەكشـۈرۈش ئېلىـپ بېرىـش ئۈچـۈن ئىلمىـي ۋە ئەمەلـي ئىقتىدارغـا ئىگـە بولۇشـى، ھەممىدە ئۈلارغـا ئىسـلام نۇقتىسـىدىن قـاراپ چىقالايدىغـان بولۇشـى كېـرەك. شـۇنداقلا، ئىسـلام ئۆلىمالىـرى ئارىسـىدا بەشـەرىي پەنلـەر ۋە ئىجتىمائىـي تەتقىقـات ساھەسـىدە ئورتـاق تونۇش ھاسـىل قىلىـپ ھاياتـى كۆچكـە تولغـان، ئەمەلـى ئىلـم تورىنـى بەرپـا قىلىشـى كېـرەك. باشـقىلارنىڭ تەجرىبىسـى، ئەقىل ـ پاراسـىتى ۋە كەچۈرمىشـلىرىنىڭ دىنىـي پرىنسـىپلار ۋە قانۇنىـي ئاساسـلارغا مـاس كېلىدىغانلىرىدىـن ئۈنۈملـۈك پايدىلىنىشـى كېـرەك.

بۇ ماقالىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى: ئابدۇرېھىم دۆلەت

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئابدۇراھمان جامال كاشغەرى

# سىياسىي پاناھلىق ھىجرىتى ۋە ئۇيغۇرلار



## 1. پاناھلىق تىلەش ۋە ھجرەت قىلىش تۈرلىرى

ھېجرەت قىلىش ياكى كۆچۈش سەپەرلىرى ئىلمىي، ئىقتىسادىي، تىجارىي ۋە ئىجتىمائىي مەنپەئەتلەرگە ئېرىشىش ئۈچۈن ياكى ئىنسانىي ھوقۇقلىرىنى قولغا كەلتۈرۈشتە ياردەم تەلەپ قىلىش، ئەقىدىسىنى قوغداش، سىياسىي جەھەتتىن پاناھلىنىش ۋە يېڭى بىر جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن بولىدۇ.

مەسىلەن، مۇسۇلمانلار مەككىدە زۇلۇمدىن قۇتۇلۇش، ئەقىدە ئەركىنلىكىگە ئېرىشىش ۋە ئىسلام دەۋىتى ئۈچۈن ئېھتىياتى پائالىيەت مەركىزى ھازىرلاش مەقسىتىدە پەيغەمبىرىمىزنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ھەبەشىستان (ھازىرقى ئېرىتىيە)گە سىياسىي پاناھلىق تىلەپ بارغان.

سىياسىي ھېجرەت قىلىش كۆپلىگەن كىشىلەر ئويلىغاندەك ۋەتەن بىلەن ئالاقىسىنى ئۈزۈۋېتىشنى كۆرسەتمەيدۇ. بەلكى، ئانا ۋەتەن سۆيگۈسىنى ئىپادىلەيدۇ. چۈنكى، يۈكسەك نىشانلار ئۈچۈن ھېجرەت قىلغان مۇھاجىرلار ئانا ۋەتىنىدىن جىسمى بىلەن ئايرىلغان بولسىمۇ قەلبى بىلەن ئايرىلمايدۇ. چۈنكى ئۇلار ئانا ۋەتىنىنى سېغىنىپ تۇرىدۇ ۋە ئانا ۋەتىنى ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىدۇ.

ئەقىدە ۋ سىياسىي جەھەتتىن پاناھلىنىش ئۈچۈن ھىجرەت قىلىش دېگەن ئەقىدىسى ۋە كىملىكىنى قوغداش، ھەقىقەت بايرىقىنى يېڭىدىن ۋەتەنگە تىكلەش ئۈچۈن پۇرسەت ئىزدەش، ۋەتەنسىزلىكتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن دۆلەت قۇرۇش ئېڭىنى يېتىلدۈرۈش، ۋەتەن سۆيگۈسى ئۈچۈن قۇربان بېرىش روھىنى يېتىلدۈرۈش، قېرىنداشلارغا بەرداشلىق بېرىش، ئۈمىدۋار بولۇش، نىشان-غايىلىرى ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىش ۋە ياردەمگە ئېرىشىش ئۈچۈن تىرىشىش، ھامان بىر كۈنى غەلىبە قىلىدىغانلىقىغا ۋە زالىملارنىڭ ھەرقانچە كۈچلۈك بولسىمۇ، ھامان بىر كۈنى ۋەيران بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىش دېمەكتۇر.

## 2. ھەبەشىستاننى سىياسىي پاناھلىق مەركىزى سۈپىتىدە تاللاشنىڭ سەۋەبلىرى

باشتا شۇنى ئەسكەرتىش كېرەككى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سىياسىي پىلانىدا ئانا ۋەتىنى بولغان مەككە دىيارىنى كاپىرلارغا تاشلاپ بېرىپ، قېچىپ چىقىپ كېتىش پىلانى ئەسلا يوق ئىدى، بەلكى ئۇ سىياسىي ئىنسان بولۇش سۈپىتى بىلەن باشقا يەرگە پاناھلىنىپ تۇرۇپ ئانا ۋەتىنىنى ئەركىنلىككە ئېرىشتۈرۈش ياكى زالىم قۇرەيشلەرنى باشقا ئەرەب قەبىلىلىرىنىڭ ياردىمى ئارقىلىق مۇھاسىرە قىلىش ياكى قۇرەيشلەرنىڭ باشقا ئەللەردىكى مەنپەئەتلىرىنى سىقىشتۇرۇش ئارقىلىق ھەق ھوقۇقلىرىغا ئېرىشمەكچى بولغان. رەسۇلۇللاھ بۇ ئارقىلىق ئىسلام دىنىنىڭ ساغلاملىقىنى قوغداش ۋە ئىسلامنى ئىنسانىيەتكە ساپ ھالەتتە يەتكۈزۈش ئۈچۈن دۆلەت قۇرۇشنى پىلانلىغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەتراپىتىكى پۈتۈن دۆلەتلەرگە بىر قاتار قاراپ چىققاندىن كېيىن، ھەبەشىستاننى ئىسلام دەۋىتى ئۈچۈن ئېھتىياتى پائالىيەت مەركىزى سۈپىتىدە تاللاپ چىققان ھەمدە ئۇ دۆلەتنى ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن ياردەمگە ئېرىشىشنىڭ ئىستراتېگىيىلىك ئورنى دەپ قارىغان. بۇ سەۋەبتىن، پەيغەمبىرىمىز خەلقئارالىق دىپلوماتىيە ئالاقىسىنى شەكىللەندۈرۈپ ھىمايە ۋە ياردەمگە ئېرىشىش ئۈچۈن ئۇ يەرگە قابىلىيەتلىك شەخسلەرنى ئەلچى سۈپىتىدە ئەۋەتكەن.

### ھەبەشىستاندا پاناھلىنىشنىڭ ئەھمىيىتى تۆۋەندىكىچە:

- ھەبەش پادىشاھىنىڭ ئادالىتى (يەنى مۇسۇلمانلارنىڭ سىياسىي ۋە ئېتىقادى جەھەتتىن بىخەتەر بولىدىغانلىقى كۆزدە تۇتۇلغان).

- ھەبەش مەملىكىتىنىڭ مەككە دىيارىنىڭ نوپۇز دائىرىسىدىن يىراقلىقى.

- ھەبەش مەملىكىتىنىڭ رىم ۋە پارىس ئىمپېرىيەلەردىن مۇستەقىللىقى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ـ ھەبەشنىڭ تىجارەت ۋە ئىقتىسادى مەركەز ئىكەنلىكى.

ـ مۇسۇلمانلار ئۈچۈن خاتىرجەم ئىھتىياتى پائالىيەت مەركىزى ھازىرلاشقا ياراپدىغانلىقى... قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

ئەگەر بىز ئىنساپ قىلىدىغان بولساق ۋە ھەرخىل قانۇنى يوللاردىن پايدىلىنىدىغان بولساق، ئۇيغۇرلار ئۈچۈن سىياسىي پائالىيەتنىڭ مەركىزى بولغان تۈركىيەدە ئۇيغۇر مۇھاجىرلىرى ئۈچۈن بۇنىڭدىنمۇ كۆپ ئالاھىدىلىكلەرگە ئىرىشكىلى بولىدۇ.

## 3. مۇستەبىتلەر ۋە ئەركىنلىك قورقۇنچىسى

مۇستەبىتلەر ھەقىقەت سادالىرى ۋە ئەركىنلىك پىكرىنىڭ چېگرا ھالقىپ تارقىلىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، مەككىدىكى مۇسۇلمانلارنى قاتتىق ئازابلىغان، ئۇلارنى دىنىدىن يانىدۇرۇپ ئۆزىنىڭ ئېتىقادىنى مەجبۇرى تېڭىشقا ئۇرۇنغان ھەمدە بۇنىڭ ئۈچۈن قوللانمىغان ئۇسۇللىرى قالمىغان.

پەيغەمبىرىمىز ئىسلام دەۋىتىنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئەركىن مۇھىتقا موھتاج ئىدى. بۇ سەۋەبتىن، مەككىدە تۇرۇش ۋە دەۋەت قىلىش ئىمكانىيىتى پەقەتلا قالمىسا، باشقا بىر دۆلەتتىن ئىھتىياتى پائالىيەت مەركىزى ھازىرلاپ قويۇش زۆرۈر ئىدى. شۇڭا، ئۇ ئىزدىنىش نەتىجىسىدە، ئەتراپتىكى دۆلەتلەرنى بىر قاتار كۆزەتكەندىن كېيىن سىياسىي ئادالەتتىن ئايرىلمىغان پادىشاھ نەجاشىنىڭ دۆلىتىگە بىر قىسىم مۇسۇلمانلارنىڭ پاناھلىنىش يولىيورۇقىنى بەرگەن. پەيغەمبىرىمىز بۇ ھەقتە: «ھەبەشىستاندا ئادىل بىر پادىشاھ بار، ئۇ پادىشاھ ھېچكىمگە زۇلۇم قىلمايدۇ، ئاللاھ سىلەرگە ئاسانچىلىق ئاتا قىلغانغا قەدەر شۇ يەردە پاناھلىنىڭلار» دېگەن.

بۇ نۇقتىغا دىققەت نەزىرى بىلەن قارايدىغان بولساق، سىياسىي ئادالەت پاناھلىنىشتا ئىستراتېگىيىلىك رول ئوينىغان، نەجاشىنىڭ ئادالەتنى ئاساس قىلغان ھاكىمىيەت تۈزۈمى ئىسلامى تۈزۈم بولمىسىمۇ ئېتىراپ قىلىنغان، بۇ تۈزۈم بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ مۇھىتى ئوخشىمىسىمۇ، ئورتاق پرىنسىپ ئاساسىدا ھەمكارلىق ئاساسلىرى تېپىپ چىقىلغان.

بۇنىڭدىن، سىياسىي پاناھلىق تىلىگەن دۆلەتلەردە ئورتاق نۇقتىلارنى تېپىپ چىقىپ پايدىلىنىشنىڭ مۇھىملىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. چۈنكى سىياسەت دېگەن مۇمكىن بولغان بارلىق ئىمكانىيەتلەردىن پايدىلىنىش ماھارىتى دېمەكتۇر.

شۇڭا، سىياسىي تەشكىلاتلار ھەر زامان ھۆكۈمەت ئورگانلىرى، پارلامېنت ئەزالىرى، جانلىق پارتىيەلەر، داڭلىق يازغۇچىلار ۋە ئاكادېمىك شەخسلەر بىلەن ھەرخىل يوللار

ئارقىلىق ئىزچىل مۇناسىۋەت ئورنىتىپ بولاردىن سىياسىي كۆرەش يولىدا پايدىلىنىشى ۋە دۈشمەننىڭ سىياسىي كۆرەشنى پالەج ھالغا چۈشۈرۈپ يوقىتىش پىلانىغا تاقابىل تۇرۇشى لازىم.

## 4. دۈشمەننىڭ مۇھاجىرلارنى قايتۇرۇپ كېتىش تاكتىكىلىرى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يۇقىرىقى مەقسەتلەر ئۈچۈن بىر بۆلەك مۇسۇلمانلارنى ئادالەتنى ئاساس قىلغان بىر دۆلەتكە كۆچۈش قارارىنى چىقارغانلىقى مۇستەبىت قۇرەيش دۆلىتى ئۈچۈن ئېغىر بىر زەربە بولغان. چۈنكى، مۇسۇلمانلار پاناھلىنالايدىغان، كىملىكىنى ۋە ئەقىدىسىنى ھىمايە قىلالايدىغان زېمىنغا ئېرىشەلىگەن ئىدى.

قۇرەيش دۆلىتىنىڭ ئىستىخباراتى مۇسۇلمانلارنىڭ چەتئەل دىياردىن خاتىرجەم پاناھلىنىدىغان بىرەر جايغا ئېرىشىپ قالغانلىقىغا چىدىمىغان. چۈنكى ئۇلار مۇستەبىت بولغانلىقى ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ ئەپتى بەشىرىسىنىڭ ئېچىلىپ قېلىشىدىن ۋە سىياسىي مەنپەئەتىنىڭ قولدىن كېتىشىدىن ئەنسىرىگەن. بۇ سەۋەبتىن، قۇرەيش دۆلىتى تاشقى ئىشلار ۋە ئىستىخبارات ئىدارىسىنى ئىشقا سېلىش ئارقىلىق مۇسۇلمانلارنىڭ مۇھاجىرەت ھاياتىنى قالايمىقانلاشتۇرۇش ۋە ئۇلارغا خاتىرجەم تىنغۇدەك پۇرسەت بەرمەسلىك ئۈچۈن، ئۇلارنى چەتئەلدىن قايتۇرۇپ ئەكەتمەكچى بولغان.

قۇرەيش ئىستىخباراتى بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن تۆرلۈك تۆھمەتلەر، تەشۋىقات ئالدامچىلىقى ۋە بەزى ۋەزىرلەرنى پۇلغا سېتىۋېلىش ئۇسۇلىغا تايىنىپ، مۇھاجىرەتتىكى مۇسۇلمانلارنى قايتۇرۇپ ئەكەتمەكچى بولغان.

ئەمما مۇسۇلمانلارنىڭ زېرەك رەھبىرى بولغان جەئفەر دۈشمەن ئىستىخباراتىنىڭ ئويۇنلىرىنى بۇزۇپ تاشلىغان، ئۇلارنىڭ تۆھمەتلىرىنىڭ يالغان ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغان، ھەمدە دۈشمەننىڭ ئېتىبارىنى چۈشۈرۈش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ قەبىھ قىلمىشلىرىنى، رەزىللىكىنى ۋە مۇستەبىتلىكىنى پاش قىلغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىسلامنىڭ گۈزەللىكىنى، ئەخلاقىنى ۋە پرىنسىپلىرىنى روشەن ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئادىل پادىشاھنى قايىل قىلغان. ئۇ يەنە مۇھاجىرلارنىڭ بۇ يەردىكى ھاكىمىيەتكە مۇخالىپ بولۇش ياكى ئۇلارنى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويۇش نىيىتىنىڭ يوق ئىكەنلىكىنى، بەلكى ئادالەت ۋە ئىنسانىي ھوقۇققا ئېرىشىش ئارزۇسىنىڭ بارلىقىنى ئىپادىلىگەن.

ئۇ سۆزىدە: «ئاللاھ بىزگە ئارىمىزدىن بىر پەيغەمبەرنى ئەۋەتىپ بەردى. ئۇ پەيغەمبەر بىزنى يېگانە ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشقا، راستچىل بولۇشقا، ئامانەتنى ئادا قىلىشقا، تۇغقاندارچىلىققا ئەھمىيەت بېرىشكە، قوشنىلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىشقا، قان تۆكىدىغان ئىشلاردىن ساقلىنىشقا، ھارام ئىشلاردىن، يالغان سۆزدىن، يېتىمنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ھەققىنى يەۋېلىشتىن، پاك كىشىلەرگە تۆھمەت قىلىشتىن يىراق تۇرۇشقا، ئاللاھقا ھېچبىر نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەي ئىبادەت قىلىشقا، ناماز ئوقۇشقا، زاكات بېرىشكە ۋە روزا تۇتۇشقا چاقىردى. لېكىن يۇرتىمىزنىڭ ھاكىملىرى بىزنى قىيىندى، بوزەك قىلدى، زۇلۇم قىلدى، ئىبادەت قىلىش ئەركىنلىكىمىزگە چەك قويدى، بىزنى بۇتقا ئىبادەت قىلىشقا ۋە ھارام ئىشلارنى قىلىشقا زورلىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئۆزلىرىنى ئادىل پادىشاھ دەپ ئاڭلاپ، سىلىنىڭ دۆلەتلىرىگە پاناھلىنىپ كەلدۇق، سىلىنىڭ دۆلەتلىرىدە ياشاشنى تاللىدۇق ۋە ھوزۇرلىرىدا زۇلۇمغا ئۇچرىماسلىقنى ئۈمىد قىلدۇق» دېگەن.

قۇرەيش ئىستىخبارات خادىملىرى بىرىنچى مەيدان مۇنازىرىدە مۇھاجىر مۇسۇلمانلار ئالدىدا مەغلۇب بولغان بولسىمۇ، يەنىلا ۋاز كەچمىگەن. بەلكى ئۇلار باشقا تاكتىكا قوللىنىپ پۇلغا سېتىلىدىغان ۋە ئەقىدىسى ئۈچ ئىلاھلىق ئەقىدىسىگە بۇرۇلۇپ كەتكەن بىر قىسىم پوپلارنى ئىشقا سالغان. ھەمدە ئۇلارغا ئەقىل ئۆگىتىپ، ئىيسا ئەلەيھىسسالام ھەققىدە پادىشاھلار نەجاشى نېمە دەيدىكىن؟ مۇسۇلمانلار نېمە دەيدىكىن سوراپ بېقىڭلار؟ دەپ ئەقىدە ئوخشىماسلىقى ئارقىلىق ئارىنى بۇزماقچى بولغان. ئۇلارنىڭ مەقسىتى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىيسا ئەلەيھىسسالام ھەققىدىكى ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە پەيغەمبىرى دەيدىغان ئەقىدىسى بىلەن بىر قىسىم خرىستىئانلارنىڭ ھەزرىتى ئىيسانى ئىلاھ دەپ قارايدىغان ئەقىدىسى ئارىسىدا توقۇنۇش پەيدا قىلىش ئىدى.

جەئفەر ئىككىلەنمەستىن پوپلارنىڭ ئالدىدا ئىسلامنىڭ ھەزرىتى ئىيسا ئەلەيھىسسالام ھەققىدىكى پرىنسىپىنى دادىللىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۇنى ئاللاھنىڭ بەندىسى، پەيغەمبىرى ۋە پاك مەريەمگە ئاللاھ تەرىپىدىن ئاتا قىلىنغان روھ دەپ تونۇشتۇرغان. جەئفەر بۇ يەردە ئەقىدە پرىنسىپىدىن ۋاز كەچمىگەن ۋە ئەقىدە پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش ئارقىلىق سىياسىي جەھەتتىن غەلىبە قىلغان. پادىشاھ ئۆزىنىڭ ئېتىقادى بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئېتىقادى ئارىسىدىكى ئورتاق نۇقتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن مۇسۇلمانلارغا: «سىلەرگە ئامانلىق بەردىم، ھېچكىم سىلەرگە چېقىلالمايدۇ» دەپ ئۇلارنى قوغدايدىغانلىقىنى ۋە دۈشمەنگە تاپشۇرۇپ بەرمەيدىغانلىقىنى تەكىتلىگەن.

ئادىل پادىشاھ بۇ ئەھۋاللاردىن كېيىن، قۇرەيش ئىستىخبارات خادىملىرىنىڭ ئېلىپ كەلگەن سوۋغا سالاملىرىنى قايتۇرۇۋېتىشكە بۇيرۇغان ۋە مۇسۇلمانلارنى قوغدايدىغانلىقىنى، ئۇلارنى ھەرگىزمۇ دۈشمەنگە تاپشۇرۇپ بەرمەيدىغانلىقىنى تەكىتلىگەن.

بۇ جەرياندا بىر قىسىم پوپلار پادىشاھ نەجاشىغا قارشى ئەسكەرلەرنى كۈشكۈرتۈپ ھەربىي ئۆزگىرىش قوزغاپ چىققان بولسىمۇ، نەتىجە قازىنالمىغان. نەجاشى مۇسۇلمانلارغا سىياسىي جەھەتتىن ياردەم بەرگەن ھەمدە ئاللاھقا ۋە پەيغەمبىرىمىزگە ئىمان ئېيتقان. بۇ سەۋەبتىن، نەجاشى پەيغەمبىرىمىز تەرىپىدىن ئالاھىدە خاتىرلەنگەن.

بىزمۇ بۇ يەردە خىتتايلارنىڭ 21 ـ ئەسىردە 75 مادداا ئارقىلىق بارلىق ئۇيغۇرلارغا جىنايەتچى، بۆلگۈنچى،ئەسەبىي، تېررورچى... دېگەندەك قالپاقلارنى كىيدۈرۈش ئارقىلىق فاشىست كامپىلاردا جازالاۋاتقانلىقىنى، ھەممە ئۇيغۇرلارنى جىنايەتچى دەپ قارايدىغانلىقىنى ۋە ئىنسان ھوقۇقىغا قىلچە رىئايە قىلمايدىغانلىقىنى ئۆتلىتىش ئارقىلىق سىياسىي كۆرۈشىمىزنى ۋە چەتئەلدىكى سىياسىي پائالىيەت مەركەزلىرىمىزنى قوغدىشىمىز ئىنتايىن مۇھىم.

## 5. ھىجرەت قىلىشنىڭ قىممىتى ۋە ئەدەب ـ ئەخلاقى

ئىسلام تارىخىدا يۈز بەرگەن تۈرلۈك ھىجرەت تەجرىبىلىرىدىن بىر بۆلەك قىممەت قاراشلار ۋە ئەدەب ئەخلاقلارنى يەكۈنلىگىلى بولىدۇ:

1) ھىجرەت قىلىش ۋە پاناھلىنىشتىكى مەقسەت ئادالەتكە ئېرىشىش:

سىياسىي پاناھلىنىش ھىجرىتى ئادالەتكە ئېرىشىش مەقسىتىدە بولىدۇ. پەيغەمبىرىمىز مۇسۇلمانلار ھىجرەت قىلىدىغان دۆلەتنىڭ پادىشاھىنى ھېچكىمگە زۇلۇم قىلمايدىغان ئادىل پادىشاھ دەپ سۈپەتلىگەن. شۇڭا، ئادالەت ئىسلامدا مەركەزلىك رول ئوينايدۇ. بۇ سەۋەبتىن، ئىسلام مۇتەپەككۇرى ئىبنى تەيمىيە «ئاللاھ ئادىل دۆلەتكە كاپىر بولسىمۇ ياردەم بېرىدۇ، زالىم دۆلەتكە مۇسۇلمان بولسىمۇ ياردەم بەرمەيدۇ» دەپ يەكۈنلىگەن.



2) پاناھلىنىدىغان دۆلەت مۇناسىپ بولۇش:

يەنى پاناھلىنىشتىن كۆتۈلگەن مەقسەت ھەل بولغۇدەك دۆلەتنى تاللاش لازىم. ئەگەر بىر مۇسۇلمان بىر دۆلەتكە ھىجرەت قىلىپ ئۆزىنىڭ ۋە بالىلىرىنىڭ ئەقىدىسىنى، ئەخلاقىنى ۋە كىملىكىنى يوقىتىپ قويىدىغان بولسا، ئۇنداق دۆلەتكە ھىجرەت قىلماسلىق كېرەك.

3) بىر دۆلەتتىن پاناھلىق تىلىگەن مۇسۇلمانلار ئەقىدىسى، ئەخلاقى ۋە كىملىكىنى قوغدىغان ئاساستا، ئۆزلىرى ھىجرەت قىلغان دۆلەتنىڭ قائىدە ـ تۈزۈملىرىگە رىئايە قىلىشى ئىنتايىن مۇھىم.

4) مۇھاجىرلار پاناھلانغان دۆلەتلەرنىڭ ھۆكۈمەتلىرى ۋە جەمئىيەتلىرى بىلەن ئالاقىنى بۇزۇپ قويىدىغان قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلاردىن ساقلىنىشى مۇھىم.

5)سىياسىي جەھەتتىن پاناھلانغاندا ئىسلامنىڭ قىممەت قاراشلىرى بىلەن ئورتاقلىشىدىغان ئىنسانىي قىممەت قاراشلاردىن پايدىلىنىش مۇھىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

6) مۇھاجىرەتتىكى يېتەكچىلەر ۋەتەنداشلارغا مەنىۋى ئامانلىق شارائىتىنى يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن كۆپ كۈچ چىقىرىشى مۇھىم.

6. ھىجرەتتىن ئالىدىغان ئىبرەت ۋە ساۋاقلار

1) ھىجرەت قىلغان يۇرتلاردا چىچىلىپ يۈرمەي، كىملىكنى قوغداش ئۈچۈن مۇمكىن بولسا توپلىشىپ ئولتۇراقلىشىش ھەمدە ئىشلارنىڭ تەرتىپلىك ۋە ئۈنۈملۈك بولۇشى ئۈچۈن قابىلىيەتلىك ساغلام تەشكىلاتتىن بىرنى مەسئۇل قىلىش ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدا توپلىنىش روھىنى يېتىلدۈرۈش.

2) مۇھاجىرەتتىكى كىشىلەر ياكى تەشكىلاتلارنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرىنى ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدا شەرقى تۈركىستانلىقنىڭ مىللەت ۋەكىلى دەپ تونۇشتۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ نەقەدەر تەرتىپسىز ۋە چېچىلاڭغۇ بىر مىللەت ئىكەنلىكىنى ئاشكارىلاپ يامان تەسىر پەيدا قىلماي، ھەر دۆلەتتىكى مۇھاجىرلار مۇناسىۋەتلىك ھۆكۈمەت ئورگانلىرى بىلەن ياخشى مۇناسىۋەت ئورنىتالايدىغان، ئىشلارنى جايىدا قىلالايدىغان ۋە ئۇلارنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشەلىگەن ساغلام تەشكىلاتتىن بىرنى ۋەكىل قىلىپ تاللاش مۇھىم.

3) مۇھاجىرەت ھاياتىدا شارائىت قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئەقىدە، كىملىك ۋە سىياسىي پرىنسىپ قىممەت قاراشلىرىدا چىڭ تۇرۇش لازىم.

4) مۇھاجىرەتتىكى ھەرقانداق تەشكىلات ھەرقانداق ئېقىم ختتايلار بىلەن سۆھبەتلەشكەندە، سىياسىي پرىنسىپتىن ۋاز كەچمەسلىكى ياكى سىياسىي پرىنسىپتا مۇرەسسە قىلماسلىقى لازىم.

5) پاناھلىق بەرگەن دۆلەتنىڭ ئورگانلىرى بىلەن سۆھبەت قىلغاندا ياكى ۋەتىنىمىزنىڭ مەسىلىسىنى تونۇشتۇرغاندا، مەسىلىنى مۇبالىغىلاشتۇرۇۋەتمەي ياكى قىسقارتىۋەتمەي ئەينەن ئوتتۇرىغا قويۇش مۇھىم.

6) مۇھاجىرلار پاناھلىنىۋاتقان دۆلەتتە ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي پرىنسىپىنى ۋە كىملىكنى قوغدىغان ئاساستا، شۇ يۇرتنىڭ قائىدە تۈزۈملىرىگە رىئايە قىلىشى، ھەمدە ئۇ دۆلەتنىڭ بىخەتەرلىكىگە تەسىر يەتكۈزىدىغان ئىشلارنى قىلماسلىقى ۋە ئۇلارغا ھۆرمەتسىزلىك قىلماسلىقى لازىم.

7) مۇھاجىرەت دۆلىتىدە مۇمكىن بولغان ھەر تۈرلۈك قانۇنىي ۋاسىتىلەرگە تايىنىپ پايدىلىنىش يوللىرىنى كۆپلەپ تېپىپ چىقىش لازىم.

بۇ ماقالىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى: ئابدۇلئەھەد ئۇچات



# جامائەتلىشىشنىڭ زۆرۈرىيىتى ۋە تەخىرسىزلىكى

مۇھەممەتئىمىن تارىم

«جامائەتلىشىڭلار، چۈنكى پادىدىن ئايرىلغان قوينى بۆرە يەپ كېتىدۇ»[1]

شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ دىنىي ۋە مىللىي كىملىكلىرىنىڭ دەپسەندە قىلىنىشى، ھەتتا ئەڭ تۈپكى ئىنسانىي ھەق-ھوقۇقلىرىدىنمۇ ئايرىلىپ قېلىشى ھەربىر شەرقىي تۈركىستانلىقنى قاتتىق ئازابلاۋاتقان بولۇپ، نۆۋەتتىكى بۇ ئازاب ـ ئوقۇبەتتىن قۇتۇلۇش ھەمدە ئاخىرەتتىكى بەخت-سائادەتنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن باش قاتۇرۇش ۋە تىرىشچانلىق كۆرسىتىش توغرائۇسۇلدا ھەرىكەت قىلىش شەرقىي تۈركىستانلىق ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەجبۇرىيىتى ۋە مەسئۇلىيىتىدۇر.

ساغلام ئىدېئولوگىيەنى ھەرىكەت پىرىنسىپى قىلغان ئاساستا تەشكىللەنگەن بىر جامائەت بولمىغان ئەھۋالدا، ھەربىرىمىز ئۆزىمىز توغرا دەپ قارىغان ئىدىيە، كۆزقاراشلار بىلەن تەشكىلسىز ياشاشنىڭ ئاقىۋىتى ناھايىتى خەتەرلىك بولۇپ، بۇ ھالىمىز بىلەن مەنمەنچىلىك، شەخسىيەتچىلىك قاتارلىق مەنىۋى كېسەللەردىن قۇتۇلالمايمىز. بۇ ھال بىزنىڭ مەنىۋىيىتىمىزنى قۇرغاقلاشتۇرۇش، ئەقىدىمىزنى سۇسلاشتۇرۇش بىلەن بىزنى دىنىمىزنىڭ روھىدىن يىراقلاشتۇرۇپ، روھىي ئاجىزلىق پەيدا قىلىدۇ-دە، ئادىمىي ۋە جىنىي شەيتانلارنىڭ ئازدۇرۇشلىرىغا تاقابىل تۇرالمايمىز ۋە ئاللاھنىڭ سىناقلىرىغا بەرداشلىق بېرەلمەيمىز. نەتىجىدە بۇ دۇنيادا كۆزلىگەن نەتىجىگە ئېرىشەلمىگەننىڭ ئۈستىگە، ئاخىرەتلىك بەختىمىزنىمۇ قولدىن بېرىپ قويىمىز.

---

[1] ياخشىلار باغچىسى، ـ 1070نومۇرلۇق ھەدىسنىڭ بىر قىسمى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

دىنني نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئىسلاھات دېمەك، كېيىنكى دەۋرلەردە دىنغا ئىبادەت ئۇقۇمى بىلەن كىرىپ قالغان بىدئەت سۆز-ھەرىكەتلەرنى دىندىن تازىلاپ چىقىرىپ، دىننى ئەسلى ھالىتىدە ساقلاش ۋە ساپلىقنى قوغداش، شۇنداقلا دىننىڭ ئاساسىي روھى ۋە ئەقىدە-پرىنسىپلىرىدىن چەتنىمىگەن ئاساستا، دەۋرگە ماس ھالدا يېڭىلىق يارىتىش دېگەنلىك بولۇپ، ئىسلاھات ۋە ئۆيغىنىش ھەرىكەتلىرى دىننىڭ ئاساسىي روھى ۋە ئەقىدە-پرىنسىپلىرى ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلىشى كېرەككى، ھەرگىزمۇ ئۆز خاھىشلىرىمىز بويىچە ئېلىپ بېرىلماسلىقى لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن دۇنيا ھاياتىدىكى ھەربىر ئىشىمىزنى ئاللاھ بىلەن دىنىمىزغا توغرىلىشىمىز، ئىش-پائالىيەتلىرىمىزدە يولباشچىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى، ساھابىلەرنى ۋە سەلەف-سالىھلارنى ئۈلگە قىلىشىمىز؛ ئىززەت ۋە شەرىپىمىزنى يەنىلا ساغلام ئەقىدە ئاساسىدا قولغا كەلتۈرۈشكە ھەرىكەت قىلىشىمىز لازىم.

ساھابە كىراملار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېتەكلىشى بىلەن قۇرئان، ھەدىسنىڭ روھنى ھەقىقىي توغرا چۈشىنىپ، ئۆز ھاياتىغا تەتبىقلاپ ياشاپ، دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك ئىشلىرىدا مىسلىسىز نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن بولۇپ، بۇ نەتىجىلەرنى جامائەتنىڭ كۈچىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. جامائەتلىشىپ ياشاش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇتۇپ ماڭغان يوللىرىدىن بىر يول بولۇپ، مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي، ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي ھاياتىدا كەم بولسا بولمايدىغان زۆرۈرىيەتتۇر.

ھۇزەيفە مۇنداق دەيدۇ: «كىشىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ياخشىلىق توغرىسىدا سورىشاتتى، مەن (يامانلىقنىڭ ماڭا يېتىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ) يامانلىق توغرىسىدا سوراپ:

—— ئى رەسۇلۇللاھ! بىز جاھىلىيەت ۋە يامانلىق ئىچىدە ئىدۇق، ئاللاھ بىزگە (ئىسلامدىن ئىبارەت) بۇ ياخشىلىقنى ئاتا قىلدى، بۇ ياخشىلىق زاماندىن كېيىن يەنە يامانلىق زامانى بولامدۇ؟ —— دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

—— ھەئە! —— دېدى. مەن:

—— ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە ياخشىلىق زامانى بولامدۇ؟ —— دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

—— ھەئە، ئۇنىڭدا قىسمەن تۇتەكلىكمۇ بولىدۇ، —— دېدى. مەن:

—— ئۇنىڭ تۇتەكلىكى قانداق بولىدۇ؟ —— دېگەن ئىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

—— كىشىلەر مېنىڭ يولۇمدىن باشقا يولدا ماڭىدۇ، شۇنداقتىمۇ سەن ئۇلارنىڭ ياخشىلىقلىرىنى پەرق ئېتەلەيسەن، —— دېدى. مەن:

—— ئۇنىڭدىن كېيىن يامانلىق زامانى بولامدۇ؟ —— دېگەن ئىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

—— ھەئە، جەھەننەمگە چاقىرغۇچىلار بولىدۇ، ئۇلار چاقىرىقىغا ئەگەشكەنلەرنى جەھەننەمگە باشلايدۇ، —— دېدى. مەن:

—— ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇلارنى بىزگە سۈپەتلەپ بەرسىلە، —— دېگەن ئىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

—— ئۇلار بىزنىڭ ئىرقىمىزدىن ۋە بىزنىڭ تىلىمىزدا سۆزلەيدىغان كىشىلەردۇر، —— دېدى. مەن:

—— ئۇ زامانلار مېنىڭ بېشىمغا كېلىپ قالسا، مېنى قانداق قىلىشقا بۇيرۇيسىلا؟ —— دېسەم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

—— مۇسۇلمانلار جامائىتىدىن ۋە ئۇلارنىڭ ئىمامىدىن ئايرىلمىغىن! —— دېدى. مەن:

—— ئۇلارنىڭ جامائىتى ۋە ئىمامى بولمىسىچۇ؟ —— دېگەن ئىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

—— گەرچە ئېغىر تۇيۇلسىمۇ ئۇلاردىن ئۆزۈڭنى چەتكە ئال، ھەتتا شۇ ھالەتتە ئۆلۈپ كەتسەڭمۇ! —— دېدى.»[1]

بۇ ھەدىسنىڭ مەزمۇنىدىن ئىسلامىي جامائەتنىڭ شۇ قەدەر زۆرۈرلىكى، مۇسۇلمان كىشىنىڭ چوقۇم ئىسلامىي جامائەت ئىچىدە ياشىشى كېرەكلىكى، ئىسلامىي جامائەتنى ۋە يېتەكچىسى بولمىغان بىر توپ بىلەن ياشاشنىڭ ياخشى بولمايدىغانلىقى چىقىپ تۇرىدۇ. شۇنچە مۇھىم بولغان بۇ ئىشنى ۋۇجۇتقا چىقىرىشقا ختاي كوممۇنىست ھاكىمىيىتىنىڭ توسقۇنلۇق قىلىشى بىلەن ۋەتەندە ئىمكانسىز قالغان بولسىمۇ، چەتئەلدە بۇ ئىشنى ۋۇجۇتقا چىقىرىش ئىمكانىيىتى تامامەن مەۋجۇت بولۇپ، ھەر بىر مۇسۇلمان بۇ ئىشنىڭ زۆرۈرلىكىنى تونۇپ يېتىپ كەسكىن ئىرادىگە كەلسە، دىنىي ئالىملىرىمىز ئىچىدىن بىرقانچە ئالىم سەممىيلىك بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ ئۆزىنى ۋە جامائەتنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن بەدەل تۆلەش (خالىس خىزمەت قىلىش) ئىرادىسىنى تۇرغۇزسا، بۇ ئىشنىڭ ۋۇجۇتقا چىقىدىغانلىقىدا شەك يوق. ئەگەر بىز ساغلام ئەقىدە ئاساسىدا ئۇيۇشالىساق، ئۆتمۈشتە ۋە نۆۋەتتە ھەل بولماي كېلىۋاتقان نۇرغۇن مەسىلىلەرنى ھەل قىلغىلى، شۇنداقلا نۇرغۇن مەقسەتلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى ۋە غايە-نىشانلارغا يەتكىلى بولىدۇ. تۆۋەندە ئاساسلىق قىلىپ بىرقانچە نۇقتىنى قىسقىچە بايان قىلىمىز:

[1] بۇخارى، 3606-نومۇرلۇق ھەدىس.

# جامائەتنى ئىسلام ئەقىدىسى ئاساسىدا تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش

«سىلەرنىڭ ھەممىڭلار مەسئۇلىيەت ئىگىسىدۇركى، مەسئۇلىيىتىڭلاردىن سورىلىسىلەر»[1]

ۋەتەن ئىچىدىكى چېكىدىن ئاشقان ۋەھشى زۇلۇملار، چەت ئەللەردە ئۇچراۋاتقان خورلۇقلار، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆز ئىچىمىزدىكى زىددىيەتلەر مۇھاجىرەتتىكى شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ روھىي كەيپىياتىغا قاتتىق تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇلاردا بىر قاتار پاسسىپ روھىي ھالەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقارماقتا. بولۇپمۇ ياشلاردىكى روھىي ئاجىزلىق ئىنتايىن ئېغىر بولماقتا. بۇ خىل ئەھۋاللارنى كۆپ ساندىكى بىلىم ئىگىلىرى بىلىپ يەتكەن بولسىمۇ، سەل قاراش ياكى ھەل قىلغىلى بولمايدۇ دەپ قاراش بىلەن بۇ مەسىلىلەر تاشلىنىپ قالماقتا. قىلغىلى بولمايدىغان ۋە زۆرۈرىيىتى يوق ئىشلارغا ئېسىلىۋېلىش، قىلغىلى بولىدىغان زۆرۈر ئىشلارنى قىلغىلى بولمايدۇ دەپ قاراش ياكى سەل قاراش-بۇمۇ بىر خىل روھىي ئاجىزلىقتۇر.

مۇھاجىرەتتىكى شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ قىلىدىغان ئىشى ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، ھەرقانداق ئادەمنىڭ قىلالايدىغان ۋە قىلالمايدىغان ئىشلىرى بولىدۇ. ئاللاھ تائالا ئىنسانىنى قۇدرىتى يەتمەيدىغان ئىشلارغا تەكلىپ قىلمايدۇ، قۇدرىتى يېتىپ تۇرۇپ قىلمىغان ئىشلاردىن ھېساب ئالىدۇ. ھەر قانداق ئىشنىڭ جىددىي قىلىشقا تېگىشلىكى ۋە كېيىنرەك قىلسىمۇ بولىدىغىنى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەربىر ئادەم ئۆزى قىلالايدىغان ئىشلارنى چوقۇم قىلىشى، جىددىي ئىشلارغا جىددىي مۇئامىلە قىلىشى كېرەك بولىدۇ. بولۇپمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋارىسلىرى بولغان ئۆلىمالار مۇشۇنداق ھالقىلىق پەيتتە ئوتتۇرىغا چىقىپ جىددىي، زۆرۈر بولغان مەسىلىلەرگە قارىتا ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇشى ئىنتايىن زۆرۈر. نۆۋەتتە، مۇھاجىرەتتىكى كۆپ سانلىق ئۇيغۇرلارنىڭ روھىي ھالىتىدە كۆرۈلۈۋاتقان تەڭپۇڭسىزلىقلارغا قارىتا ئۇلارنى ئىسلام ئەقىدىسى ئاساسىدا تەربىيىلەپ، ئۇلارنىڭ روھىي ھالىتىنى تەڭشەشمۇ جىددىي قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنىڭ قاتارىدىندۇر. چۈنكى، ئىنساننىڭ روھىي كەيپىياتى ياخشىلانماي تۇرۇپ، چوڭ ئىشلارنى ۋۇجۇتقا چىقىرىشى مۇمكىن بولمايدۇ. ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي ئىشلاردا، تەربىيىسىز بىر توپ ئادەمدىن تەربىيە كۆرگەن بىر قانچە ئادەمنىڭ رولى چوڭ بولىدۇ.

شۇنىمۇ تەكىتلەپ قويۇش كېرەككى، شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرى قىرىق يىلدىن بېرى دىنىي بىلىملەرنى ئۆگىنىش، ۋەز-نەسىھەت ئاڭلاش ئارقىلىق دىنىي مەلۇماتى بېيىپ، ياخشى-يامان، توغرا-خاتا، ھالال-ھاراملارنى ئاساسەن بىلىپ يەتكەن بولسىمۇ، مەيلى ئالىملىرىمىز، مەيلى ئاۋام خەلقتە بىلگەنلىرىگە ئەمەل قىلىش كۆڭدىن-كۆڭگە كەمچىل بولماقتا. نەتىجىدە ئەمەل قىلالمىغان ياكى قىلغان ئەمەللىرىدىن روھىي ئوزۇق ئالالمىغان كىشىلىرىمىز دىنىي ئوقۇ-ئوقۇتۇشتىن مەيۈسلىنىپ، ئۆگەتكۈسى ۋە

[1] بۇخارى، 2554-نومۇرلۇق ھەدىسنىڭ بىر قىسمى.

ئۆگەنگۈسى كەلمەيدىغان؛ دەۋەتچىلىرىمىزنىڭ دەۋەت قىلغۇسى، خەلقىمىزنىڭ دەۋەتنى ئاڭلىغۇسى كەلمەيدىغان؛ مېدىيالاردا قىلىنغان دەۋەتلەردىن ئاتلاپ ئۆتۈپ كېتىدىغان، يىغىلغان سورۇنلاردا تەبلىغ قىلماسلىقنى تەلەپ قىلىدىغان؛ تەبلىغ بار دېگەن سورۇنغا ئادەم بارمايدىغان، پالانى زىيالىنىڭ لېكسىيەسى بار دېگەن سورۇنغا ئادەم پاتمايدىغان ۋەزىيەت شەكىللەندى. بۇخىل ۋەزىيەتنىڭ شەكىللىنىشىدىكى ئاساسىي سەۋەب يەنىلا تەربىيىنىڭ كەم بولغانلىقىدىن بولۇپ، ئۆگىنىش ۋە دەۋەت كۆپ بولغان بولسىمۇ، تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن تەربىيە كەمچىل بولۇپ كەلدى.

تەربىيە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاساسلىق تۇتۇپ ماڭغان يولى بولۇپ، قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىپنىڭ روھى تەلىم-تەربىيە ئارقىلىق ساھابىلەرنىڭ قەلبىگە سىڭدۈرۈلگەچكە، ئۇلار قۇرئان كەرىمنىڭ ھەربىر ئايىتىنىڭ ھۆكمىگە ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزلىرىگە ئەمەل قىلىپ، ھاياتىغا تەتبىقلاپ ياشاپ، ئەقىدە ـ ئېتىقاد، سىياسىي، ئىجتىمائىي جەھەتلەردە ئىسلام تارىخىدىكى ئەڭ يۈكسەك پەللىنى ياراتقان.

تەربىيەدە يېتەكلەش بىلەن ئۈلگە بولۇش ئاساس، ئۆگىتىش بىلەن ئۈلگە كۆرسىتىپ ئىلھاملاندۇرۇش قوشۇمچە رول ئوينايدىغان بولغاچقا، جامائەتلىشىش ئارقىلىق يېتەكچىلەرمۇ ئالدى بىلەن ئۆزىنى تەربىيىلەيدۇ، ئوقۇغانلىرىغا ئەمەل قىلىشقا تىرىشىدۇ، ئاندىن جامائەتكە ئۈلگە بولىدۇ ـ دە، شۇ ئاساستا جامائەتنى يېتەكلەيدۇ.

دېمەك، ھەربىر مۇسۇلمان ئۆزىنى تەربىيىلەش ئىرادىسىنى تۇرغۇزسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋارىسلىرى بولغان ئۆلىمالارمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىلمىدىلا ۋارىسلىق قىلىپ قالماي، ئەمەل ـ ئىبادەت ۋە ئەخلاق ـ پەزىلەتتىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۈلگە قىلىپ، ئۆزىنى تەربىيىلەش، بەدەل تۆلەش (نەپسىدىن كېچىش)، جامائەتكە ئۈلگە بولۇشتىن ئىبارەت سەممىي ئىرادىگە كەلسە ۋە ئۇلارغا تەربىيە ئېلىپ بارسا، جامائەتنىڭ ھەممىدە ئەھلى ئىلىملارنىڭ ھاياتىدا ئىجابىي ئۆزگىرىش ۋە بۇرۇلۇش ھاسىل بولىدۇ ـ دە، ئىناق ـ ئىتتىپاق بولغان بىر جامائەت قوشۇنى يېتىشىپ چىقىدۇ.

## نەپسنى پاكلاش

«نەپسنى پاك قىلغان ئادەم چوقۇم مۇرادىغا يېتىدۇ»[1]

تارىخىي ۋەقەلەردىن ۋە زامانىمىزدىكى رېئاللىقلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، تارىختىكى ئىمپېرىيەلەرنىڭ ئاغدۇرۇلۇپ كېتىشىدىن، كۈنىمىزدىكى كىچىك تەشكىلاتلارنىڭ بۆلۈنۈشىگىچە؛ رىم ئىمپېرىيەسى باستۇرۇشقا ئاجىز كەلگەن قۇللار قوزغىلىڭىنىڭ

[1] سۈرە شەمس ـ 9ئايەت.

مەغلۇپ بولۇشىدىن، كۈنىمىزدىكى مۇستەملىكە ۋە مۇستەبىتلىككە قارشى قوزغىلاڭلارنىڭ مەغلۇپ بولۇشىغىچە بولغان ئاساسىي سەۋەبلەرنىڭ بىرى ئىچكى زىددىيەت بولۇپ، بۇ زىددىيەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئاساسىي ئامىل نەپسى خاھىشتۇر. ئەگەر نەپسى خاھىش ئىنسانغا ھۆكۈمران بولۇۋالسا، ئاللاھ يولىدا جىنىدىن كېچەلەيدىغان ئادەممۇ نەپسى خاھىشىدىن كېچەلمەيدۇ ـ دە، چوڭ خاتالىقلارنى سادىر قىلىپ قويىدۇ. بۇنىڭ مىساللىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، مىسال ئېلىشقا توغرا كەلسە، دۇنيا تارىخىدىن ئەمەس ئۆزىمىزنىڭ بۇرۇنقى ۋە يېقىنقى زامان تارىخىمىزدىن، ھەتتا زامانىمىزدا بولۇپ ئۆتكەن بەزى ئەھۋاللاردىن نۇرغۇن مىسال ئېلىشقا بولىدۇ. دېمەك، نەپسى خاھىش ئىنساننىڭ ئەڭ چوڭ دۈشمىنىدۇركى، ئۇنىڭ ئۈستىدىن غالىب كېلەلمىگەن ئادەم دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك ئىشلىرىدا ھېچقانداق ئۇتۇق قازىنالمايدۇ. ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇپ، ئۇنىڭغا غالىب كېلىشنىڭ بىردىنبىر يولى نەپسىنى پاكلاشتىن ئىبارەتتۇر.

ساھابىلەرنىڭ (ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن) ئەقىدە ـ ئېتىقاد جەھەتتە شۇ قەدەر يۈكسەكلىككە ئىگە بولۇشى ۋە سىياسىي، ئىجتىمائىي جەھەتلەردە شۇ قەدەر يۇقىرى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرەلىشى، ئۇلاردا يېتىلگەن ساغلام روھ بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، كىشىنىڭ روھىيىتى قانچىكى ساغلام يېتىلسە، ئاللاھ بىلەن بولغان ئالاقىسى شۇنچە كۈچىيىدۇ، دىنىي چۈشەنچىسى شۇنچە چوڭقۇرلىشىدۇ، ئەمەل ـ ئىبادىتى شۇنچە مۇكەممەللىشىدۇ، ئەخلاق ـ پەزىلىتى شۇنچە گۈزەللىشىدۇ، ئاخىرى بەخت-سائادەتكە ئېرىشىدۇ.

مۇسۇلمانلار دىنىنىڭ روھىدىن بارغانچە يىراقلىشىپ كېتىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، ھەر بىر مۇسۇلمان ئۆزى ئېتىقاد قىلىۋاتقان دىنىنىڭ ئاساسلىرىنى تولۇق چۈشىنىشى ۋە ئۇلارنى دىنىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە كۈندىلىك ھاياتىغا تەتبىقلاپ ياشىشى، شۇنداق قىلغاندىلا ئاندىن دۇنيا ـ ئاخىرەتتە بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشەلەيدىغانلىقىنى بىلىشى زۆرۈردۇر.

ھەزرىتى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب مۇنداق دەيدۇ: «بىر كۈنى بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا ئولتۇراتتۇق، تۇيۇقسىز يېنىمىزغا كىيىملىرى ئاپئاق، چاچلىرى قاپقارا بىر كىشى چىقىپ كەلدى. ئۇنىڭ تۇرقىدىن سەپەر قىلغانلىق ئالامىتى كۆرۈنمەيتتى. ھېچقايسىمىز ئۇنى تونۇمىدۇق. ئۇ ئىككى تىزىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىككى تىزىغا تەگكۈزۈپ، ئىككى ئالقىنىنى ئىككى يوتىسىغا قويۇپ:

—— ئى مۇھەممەد! ماڭا ئىسلامنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بەرگىن، —— دېدى.
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

—— ئىسلام ‹بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئاللاھنىڭ ئەلچىسى› دەپ گۇۋاھلىق بېرىشىڭ، پەرز نامازلارنى تولۇق ئادا قىلىشىڭ، زاكات بېرىشىڭ، رامىزان روزىسىنى تۇتۇشۇڭ، قادىر بولالىساڭ ھەج قىلىشىڭدۇر، —— دېدى. ئۇ

كىشى:

— راست ئېيتتىڭ، — دېدى. بىز ئۇ كىشىنىڭ ئۆزى سوراپ، ئۆزىنىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرىلسە، ئۆزىنىڭ تەستىقلىغىنىدىن ئەجەبلەندۇق.

ئۇ كىشى يەنە:

— ماڭا ئىماننىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بەرگىن، — دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

— ئىمان ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ پەرىشتىلىرىگە، ئاللاھنىڭ كىتابلىرىغا، ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە، قىيامەتكە، ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ ئاللاھنىڭ تەقدىرى بىلەن بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىشىڭدۇر، — دېدى. ئۇ كىشى:

— راست ئېيتتىڭ، — دېدى. ئاندىن ئۇ كىشى يەنە:

— ماڭا ئېھساننىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بەرگىن، — دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

— ئاللاھ تائالاغا خۇددى ئاللاھ تائالانى كۆرۈپ تۇرۇۋاتقاندەك ئىبادەت قىلىشىڭدۇر. گەرچە سەن ئاللاھنى كۆرمىسەڭمۇ، ئاللاھ سېنى كۆرۈپ تۇرىدۇ، — دېدى...

ئاندىن كېيىن ئۇ كىشى بۇرۇلۇپ چىقىپ كەتتى. مەن بىر هازاغىچە تۇرۇپ قاپتىمەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

— ئى ئۆمەر! سوئال سورىغۇچىنىڭ كىملىكىنى بىلەمسەن؟ — دېدى. مەن:

— ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلى ئوبدان بىلگۈچىدۇر، — دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

— ئۇ جىبرىئىل بولىدۇ. ئۇ سىلەرگە دىنىڭلارنىڭ ئاساسلىرىنى تەلىم بەرگىلى كەلگەن، — دېدى.»[1]

بۇ ھەدىسنىڭ بايان قىلىنىش جەريانى ۋە مەزمۇنىدىن تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە نۇقتىنى تونۇۋېلىش يېتىمىز:

بىرىنچىدىن: جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ئادەم سىياقىدا كېلىپ، ساھابىلەرگە كۆرۈنۈپ تۇرۇپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن دىئالوگ قۇرۇش ئارقىلىق ھەدىسنىڭ

[1] مۇسلىم، ـ 8نومۇرلۇق ھەدىسنىڭ بىر قىسمى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بۇ شەكىلدە بايان قىلىنىشىدىن بۇ ھەدىسنىڭ مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم بىر تەلىمات ئىكەنلىكىنى تونۇۋالىمىز. چۈنكى، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بىر قانچە قېتىم كۆرۈنگەندىن باشقا ساھابىلەرگە كۆرۈنۈپ باقمىغان.

ئىككىنچىدىن، ھەدىسنىڭ مەزمۇنى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەزرىتى ئۆمەرگە: «ئۇ جىبرىئىل بولىدۇ. ئۇ سىلەرگە دىنىڭلارنىڭ ئاساسلىرىنى تەلىم بەرگىلى كەلگەن» دېگەن سۆزىدىن، دىنىمىزنىڭ ئىسلام، ئىمان ۋە ئېھساندىن ئىبارەت ئۈچ ئاساستىن تەركىب تاپقانلىقىنى تونۇۋالىمىز.

ئۈچىنچىدىن، «ئىسلام»نىڭ مۇسۇلمان بولۇشنىڭ ئالدىنقى شەرتى بولغان شاھادەت سۆزى ۋە مۇسۇلمان بولغان كىشىنىڭ ئەمەل قىلىشى كېرەك (پەرز) بولغان ئەھكاملار ئىكەنلىكىنى، «ئىمان»نىڭ مۇسۇلمان بولغان كىشىنىڭ ئىشىنىشى زۆرۈر بولغان ئەقىدىلەر ئىكەنلىكىنى، «ئېھسان»نىڭ بەندىنىڭ قىلغان بارلىق ئەمەل-ئىبادەتلىرىنى ئاللاھقا يەتكۈزىدىغان مەنىۋى ئامىل ھەمدە بەندە بىلەن ئاللاھنىڭ ئوتتۇرىسىنى باغلاپ تۇرىدىغان مەنىۋى رىشتە ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا ئىسلام بىلەن ئىماننىڭ ئېھسان ئارقىلىق قۇۋۋەتلىنىدىغانلىقى ۋە كامالەتكە يېتىدىغانلىقىنى تونۇۋالىمىز.

شۇنىمۇ تونۇۋېلىشىمىز كېرەككى، «ئىسلام»نى فىقھى ئىلمىنى ئۆگىنىش ئارقىلىق بىلىپ يېتىش مۇمكىن، «ئىمان»نى ئەقىدە ئىلمىنى[1] ئۆگىنىش ئارقىلىق بىلىپ يېتىش مۇمكىن. ئەمما «ئېھسان» بەندە بىلەن ئاللاھنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مەنىۋى باغلىنىش ھەمدە بەندىنىڭ روھىيىتىنىڭ پاكلىنىشىغا مۇناسىۋەتلىك روھىي ھالەت بولغانلىقى ئۈچۈن، روھىيەتنى پاكلاش ئارقىلىق مەنىۋى جەھەتتىن ئاللاھقا باغلىنالىشىمىز مۇمكىن.

دېمەك، نەپسنى، روھىيەتنى پاكلاش «ئېھسان»نى ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىكى مۇھىم بىر ۋاستە بولۇپ، روھنى پاكلىماي تۇرۇپ ئاللاھقا يېقىنلاشقىلى بولمايدۇ. ئېھساندىن ئايرىلغان ھەرقانداق ئەمەل-ئىبادەت ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا ئۆرلىمەيدۇ. چۈنكى، ئاللاھ بىلەن بەندىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت شەكلەن ھەرىكەت مۇناسىۋىتى بولماستىن، بەلكى مەنىۋى مۇناسىۋەت بولغانلىقى ئۈچۈن، قىلغان بارلىق ئەمەل-ئىبادەتلىرىمىزنىڭ روھىي جەھەتتىن ئاللاھقا باغلىنىشى كېرەك بولىدۇ. «ئىنسانلار بىلەن رەببى ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشى دېمەك، ئىنسانلارنىڭ كۆڭلىدە پەرىشانلىق، جەمئىيەتتە قالايمىقانچىلىق ۋە پۈتكۈل يەرشارىدا پاراكەندىچىلىكنىڭ باش كۆتۈرۈشى دېمەكتۇر.»[2]

نەپسنى، روھىيەتنى پاكلاش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇھىم ۋەزىپىلىرىدىن بولۇپ،

---

[1] دەلىل ـ ئىسپاتلار ئاساسىدا دىنىي ئەقىدىلەرنىڭ ھەقىقىتىنى بايان قىلىپ بېرىش ۋە ئۇنىڭ ھەققىدە تاشلانغان شەك ـ شۈبھىلەرگە رەددىيە بېرىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان ئىلىم. «يېگانە ياراتقۇچى»، ـ 796بەت.
[2] سەييىد قۇتۇپ.

ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەنلىك نېمىتىنى ئەسلىتىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ ساۋاتسىزلارغا (يەنى يېزىشنى ۋە ئوقۇشنى ئۇقمايدىغان ئەرەبلەرگە) ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىر پەيغەمبەرنى ئەۋەتتى، ئۇ ئۇلارغا قۇرئان ئايەتلىرىنى ئوقۇپ بېرىدۇ، ئۇلارنى (گۇناھلاردىن) پاك قىلىدۇ، ئۇلارغا كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) ۋە ھېكمەتنى (يەنى پەيغەمبەرنىڭ سۈننىتىنى) ئۆگىتىدۇ، گەرچە ئۇلار ئىلگىرى ئوچۇق گۇمراھلىقتا بولسىمۇ.»[1]

بۈگۈنكى كۈندە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋارىسلىرى بولغان ئۆلىمالارنىڭ جامائەتكە ئۆزى ئەمەلىي ئۈلگە بولۇپ ئۇلارنى يېتەكلىشى، جامائەتنىڭمۇ ياخشى ئىشلاردا بىر-بىرىگە ئۈلگە بولۇشى، ياخشىلىقنى بىر-بىرىگە تەۋسىيە قىلىشى ۋە بىر-بىرىگە مەسئۇل بولۇپ ئۆزئارا ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرۇشى بىلەن روھىيەتنى رىئال ھاياتتا چىڭىتقۇرۇش ئارقىلىق نەپسىمىزنى پاكلاش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ.

## قېرىنداشلىق بەرپا قىلىش

«مۆمىنلەر ھەقىقەتەن قېرىنداشتۇر»[2]

مۇھاجىرەتتىكى شەرقىي تۈركىستانلىق مۇسۇلمانلار ئۇرۇق-تۇققان، ئۇزۇن يىللىق يۇرت جامائىتىدىن ئايرىلىپ، چەت ئەللەردە ياشىماقتا. ۋەتىنىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن مۇھاجىرلارنىڭ ئاز بىر قىسمى بىر-بىرى بىلەن تونۇشقاندىن سىرت، كۆپىنچىلىرى بىر-بىرى بىلەن تونۇشمايدۇ ياكى چەتئەلدە تونۇشقان يېڭى تونۇشلاردىن بولۇپ، بىر-بىرى بىلەن يېقىن قېرىنداشلاردىن بولالمايۋاتىدۇ. ھەتتا كوچىلاردا ئۇچراشقاندا سالاملىشالمايۋاتقان ئەھۋاللارمۇ مەۋجۇت. بۇ ئەھۋال شەكىللىنىش ئالدىدا تۇرغان ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە نىسبەتەن ئىنتايىن ئېغىر بىر پاجىئە بولۇپ، بۇ خىل ناچار ئەھۋاللارنى تۈزىتىپ، شەرقىي تۈركىستانلىق مۇھاجىرلار ئارىسىدا قېرىنداشلىق بەرپا قىلمىغاندا، ئۇيغۇر جەمئىيىتىنى ساغلام تەرەققىي قىلدۇرۇشمۇ، چوڭ ئىشلارنى ۋۇجۇتقا چىقىرىشمۇ مۇمكىن بولمايدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ كەلگەندىن كېيىن بىرىنچى بولۇپ مەسجىد سالغان ۋە مەسجىدنى مەركەز قىلىپ مۇھاجىر ۋە ئەنسارىلار (ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن) نى بىر يەرگە توپلىغان ھەمدە «سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئۆزىگە ياخشى كۆرگەن نەرسىنى قېرىندىشىغىمۇ ياخشى كۆرمىگىچە كامىل مۆمىن بولالمايدۇ»[3] دېگەن يېتەكچى ئىدىيەنى قەلبلەرگە سىڭدۈرۈش ئارقىلىق ئۇلار ئارىسىدا ئىنتايىن كۈچلۈك ۋە مۇسلىسىز قېرىنداشلىقنى بەرپا قىلغان. شۇنداقلا، شۇ قېرىنداشلىقنىڭ تۈرتكىسىدە ئالەمشۇمۇل نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن. شۇنىسى ئېنىقكى، ئەگەر

[1] سۈرە جۇمە ـ 2ئايەت.
[2] سۈرە ھوجۇرات ـ 10ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] بۇخارى، ـ 13نومۇرلۇق ھەدىس.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ساھابىلەر (ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن) ئوتتۇرىسىدا شۇ قەدەر سۆيگۈ-مۇھەببەت ئۇستىگە قۇرۇلغان قېرىنداشلىق بولمىغان بولسا ئىدى، ئۇ كاتتا نەتىجىلەر قولغا كەلمىگەن بولاتتى.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «گۇمانخورلۇقتىن ساقلىنىڭلار، چۈنكى گۇمانخورلۇق سۆزلەرنىڭ ئەڭ يالغىنىدۇر. كىشىلەرنىڭ ئەيىبىنى ئىزدىمەڭلار، تىڭ تىڭلاپ يۈرمەڭلار، نەپسانىيەتچىلىك قىلماڭلار، ھەسەت قىلىشماڭلار، ئاداۋەت قىلىشماڭلار، ماي تارتىپ يۈرۈشمەڭلار، ئى ئاللاھنىڭ بەندىلىرى! قېرىنداش بولۇپ ياشاڭلار.»[1] ۋە «مۇسۇلمان مۇسۇلماننىڭ قېرىندىشىدۇر، مۇسۇلمان قېرىندىشىغا زۇلۇم قىلمايدۇ ۋە ئۇنى كەمسىتمەيدۇ. بېشىغا كۈن چۈشكەندە ياردەمسىز قالدۇرمايدۇ، تەقۋالىق مانا بۇ يەردە»، دەپ كۆكرىكىگە ئۈچ قېتىم ئىشارەت قىلغان.[2] ئالدىنقى ھەدىستىن مۇسۇلمانلارنىڭ يامان گۇمان قىلىپ، ئىرناق ئاستىدىن كىر ئىزدەپ، بىر-بىرىگە تەتۈر قارىشىپ يۈرىدىغان ناچار ئەخلاق، يامان ئىللەتلەردىن خالىي بولۇپ، قېرىنداش بولۇپ ياشىشىنىڭ لازىملىقىنى؛ئىككىنچى ھەدىسنىڭ مەزمۇنىدىن بولسا مۇسۇلمانلارنىڭ بىر-بىرى بىلەن قېرىنداش ئىكەنلىكىنى، قېرىنداش بولغان كىشىلەر بىر-بىرىگە ناچار مۇئامىلە قىلىدىغان كىشىلەر ئەمەس، بىر-بىرىگە مېھرى-مۇھەببەت بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان كىشىلەر ئىكەنلىكىنى، ھەقىقىي قېرىنداشلىقنىڭ پەقەت شەكلىي مۇناسىۋەتلا ئەمەس، بىر-بىرىگە بولغان قەلب سۆيگۈسى ۋە مېھرى-مۇھەببەت ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز.

دېمەك، شەرقىي تۈركىستانلىق مۇسۇلمانلارغا نىسبەتەن ھازىرقى كۈندە خەلقىمىز ئارىسىدا قېرىنداشلىقنى بەرپا قىلىش تەخىرسىز بىر مەسىلە بولۇپ، ئەگەر بۇ مەسىلە ۋاقتىدا ھەل قىلىنمىسا، شەرقىي تۈركىستانلىق مۇسۇلمانلار ئۆزلىرى يېقىن تونۇشىدىغان كىشىلىرى بىلەن ياشاش ياكى ئۆزىنىڭ يۇرتلۇقلىرى بىلەنلا يۇرت-يۇرتلارغا بۆلۈنۈپ ياشاش ياكى ئوخشاش پىكىردىكى بىرقانچە كىشىلەر گۇرۇھ بولۇپ ياشاش نەتىجىسىدە تەپرىقىچىلىك، يۇرتۋازلىق، گۇرۇھۋازلىقتىن ئىبارەت يامان خاھىشلار ئوتتۇرىغا چىقىپ، مۇكەممەل شەكىللىنىپ بولالمىغان ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ يىمىرىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇنداقلا سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي ئىشلارغا چوڭ زىيانلارنى ئېلىپ كېلىدۇ. خەلقىمىزنىڭ روھىي ھالىتى بۇزۇلۇپ، ئەقىدە-ئېتىقادىمۇ بارا-بارا سۇسلىشىپ، ئاخىرەتلىك بەخت-سائادىتىنىمۇ قولدىن بېرىپ قويۇش ئېھتىماللىقى يۇقىرى بولىدۇ. قىسقىسى،بۇ ئەھۋاللار ئۇيغۇر جامائىتىنىڭ يىمىرىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان، ئاخىرەتلىك بەخت-سائادىتىگىمۇ سەلبىي تەسىر كۆرسىتىدىغان خاھىشلار بولۇپ، بۇلارنى تۈگەتمەي تۇرۇپ، مۇھاجىرەتتىكى باشقا كېسەللەرنى ساقايتقىلى بولمايدۇ. شۇنداقلا مۇھاجىرەتتىكى خەلقىمىزنىڭ جەمئىيەتلىشىشى ۋە باشقا نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرەلىشى مۇمكىن بولمايدۇ. دېمەك، نۆۋەتتە خەلقىمىز ئارىسىدا قېرىنداشلىقنى

[1] مۇسلىم، ـ 2563نومۇرلۇق ھەدىس.
[2] ياخشىلار باغچىسى، ـ 235نومۇرلۇق ھەدىسنىڭ بىر قىسمى.

بەرپا قىلىش ئىنتايىن زۆرۈر بولۇپ، بۇنىڭ ئۈچۈن دىنىمىزنىڭ كۆرسەتمىلىرىنى تۇتقا، ساھابىلەرنىڭ ھاياتىنى ئۈلگە قىلغان دىنىي يېتەكچىلەرنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ، جامائەتنى ئەقىدە ـ ئېتىقاد ۋە ئەخلاقىي جەھەتلەردىن توغرا يېتەكلىگەندىلا، خەلقىمىز ئارىسىدا قېرىنداشلىقنى بەرپا قىلىش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ.

## پىكىر ئىختىلاپى سەۋەبلىك كېلىپ چىقىدىغان بۆلۈنۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىش

«ئىختىلاپ قىلىشماڭلار، سىلەردىن ئىلگىرىكىلەر ئىختىلاپ قىلىشىپ ھالاك بولغان»[1]

تۈركىيەدە ياشاۋاتقان شەرقىي تۈركىستانلىق مۇھاجىرلارنىڭ ئىچىدە، ۋەتەندە ۋە چەتئەلنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئىلىم تەھسىل قىلغان ھەرخىل پىكىردىكى ئالىملار، تالىپلار، دۇنيانىڭ ۋە ۋەتىنىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن ھەر خىل كۆز قاراشتىكى جامائەتلەر ۋە ئاۋام خەلقلەر بولۇپ، بۇلارنىڭ ئەقىدە ۋە باشقا تۈپكى مەسىلىلەردە پىكىر بىرلىكى بولسىمۇ، ئوقۇغان ۋە ياشىغان جايلىرىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى سەۋەبلىك، يۈز بېرىۋاتقان مەۋجۇت مەسىلىلەرگە نىسبەتەن كۆز قاراشلىرىمۇ پەرقلىق بولۇپ، كۆز قارىشىنىڭ ئوخشاش بولماسلىق تۈپەيلى ھەر خىل ئىختىلاپلار، زىددىيەتلەر، بىر-بىرىگە تەھدىت قىلىشلار، ھەتتا ئۇرۇش ـ جېدەللەر ئوتتۇرىغا چىقماقتا. ئەقەللىسى بىر رايوندا ياشايدىغان، بىر مەسجىدتە ناماز ئوقۇيدىغان كىشىلەرمۇ كۆز قارىشى تۈپەيلىدىن بىر-بىرىگە قىزغىن مۇئامىلىدە بولالماي، بىر-بىرىگە يانچە، قىرچە تېگىشىپ يۈرمەكتە. پىكىر-كۆز قاراشنىڭ ئوخشىماسلىقى بىزنىڭ قېرىنداشلىقىمىزغا تەسىر يەتكۈزگەندىن سىرت، بىزنى ئۆزئارا دۈشمەنلىشىش گىرداۋىغا ئېلىپ بارماقتا. يۇقىرىدىكى ھەدىستە دېيىلگەندەك، ئىختىلاپلىشىش بۆلۈنۈشكە ئېلىپ بارىدىغان ئىنتايىن خەتەرلىك ئەھۋال بولۇپ، بۇنىڭ ئالدى ئېلىنمىسا، دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك ئىشلىرىمىزدا چوڭ نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشىمىزگە سەلبىي تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇنداقلا، ۋەتىنىمىز ئازات بولغان تەقدىردىمۇ ئىنتىقام ئالىدىغان دۈشمەن بىر تەرەپتە قىلىپ، ئۆزئارا ئۇرۇش-جېدەلدىن خالىي بولغىلى بولمايدۇ. بۇ پاجىئەنىڭ ئالدىنى ئېلىشنىڭ ئاساسىي يولى جامائەتلىشىش ئارقىلىق قېرىنداشلىرىمىزنى قۇرئان، ھەدىسنىڭ روھى ۋە ئەھلى سۈننىي جامائىتىنىڭ پىكىر ئېقىمى بويىچە تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشتىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ ئارقىلىق دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك ئىشلىرىمىزنىڭ ئىجابىي يوسۇندا داۋاملىشىشىنى قولغا كەلتۈرگىلى، ئارىمىزدىكى پىكىر ئىختىلاپى سەۋەبلىك كېلىپ چىققان ۋە كېلىپ چىقىدىغان زىددىيەت ۋە ئۇرۇش-جېدەللەرنى تۈگەتكىلى ۋە ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.

قىسقىسى، بىرىنچىدىن، جامائەتنى ئىسلام ئەقىدىسى ئاساسىدا تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈپ، كۆرۈلۈۋاتقان مەنىۋى كېسەللەرنى داۋالاش ۋە ئالدىنى ئېلىش كېرەك. ئىككىنچىدىن،

[1] بۇخارى، ـ 3476نومۇرلۇق ھەدىسنىڭ بىرقىسمى.

www.uyghurkitap.com

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتى بويىچە روھىيەتنى پاكلاپ ئېھساندىن ئىبارەت كاتتا ماقامغا يېتىش ئارقىلىق روھىي جەھەتتىن ئاللاھقا باغلىنىپ، بارلىق ئىبادەتلىرىمىزنىڭ قوبۇل بولۇشىغا ئۇل ھازىرلاش كېرەك. ئۈچىنچىدىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتى بويىچە مۇسۇلمانلارنى جامائەتلەشتۈرۈش ئارقىلىق ئىسلام چەمبىرىكىنىڭ ئىچىگە توپلاپ، بىر-بىرى بىلەن ھەقىقىي قېرىنداشلاردىن قىلىپ يېتىشتۈرۈش كېرەك. تۆتىنچىدىن، دەۋرىمىزدىكى ھەرخىل پىكىر ئېقىملىرىدىن قايمۇقۇپ، قايسى پىكىرگە ئەگىشىش، قايسى مەيداندا تۇرۇشنى بىلەلمەيۋاتقان بىر تۈركۈم كىشىلەرنى قۇرئان، سۈننەتنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە توغرا يېتەكلەپ، پىكىر ئىختىلاپى سەۋەبلىك كېلىپ چىقىۋاتقان بۆلۈنۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ جامائەتلىشىشنىڭ ئاساسى مەقسەتتىن ئىبارەتتۇر.

ئىلاھىي ۋەھيي ھەمدە كائىناتتىكى شەكسىز ھەقىقەتلەر كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇكى، بۇ دۇنيا ئاخىرلىشىپ ئاخىرەتتىكى مەڭگۈلۈك ھايات باشلىنىدۇ ۋە داۋام قىلىدۇ. دۇنيانىڭ قاچان ئاخىرلىششى مەلۇم بولمىسىمۇ، ھەر ئىنساننىڭ بۇ دۇنيادىكى ھاياتىنىڭ 100 يىلنىڭ ئالدى-كەينىدە ئاخىرلىشىدىغانلىقى ھەممىگە ئاياندۇر. ئادەم بالىسى بۇ دۇنيادا گوياكى بىر يۇرتقا سەپەر قىلىپ ئىشلىرى تۈگىگەندىن كېيىن ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كېتىدىغان مۇساپىر كەبى دۇنيا ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ ئاخىرەت ھاياتىغا قايتىدۇ. ئادەم بالىسى بۇ دۇنيادا يا بەخت-سائادەت ئىچىدە ياكى خار-زەبۇنلۇق ئىچىدە ياشاپ دۇنيا ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرىدۇ، يا ئاخىرەتكە سالىھ ئەمەل ـ ئىبادەتلەر بىلەن بېرىپ سائادەتمەنلەردىن بولىدۇ ياكى گۇناھ-مەئسىيەتلەر بىلەن بېرىپ بەختسىزلەردىن بولىدۇ. ئىنساننىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەت ھاياتىنىڭ ياخشى ـ يامان بولۇشى تۇتۇپ ماڭغان يولى ۋە قانداق ئەمەل ـ ئىبادەتلەرنى قىلغىنىغا يارىشا بولىدۇ. ئادەم بالىسى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەخت-سائادەتلىك بولۇشى ئۈچۈن ساغلام ئەقىدە، توغرا غايە ـ نىشان ۋە توغراسۆز-ھەرىكەت بىلەن ياشىشى كېرەك بولىدۇ. ساغلام ئىدېئولوگىيىنى ئاساس قىلغان غايە ـ نىشانى بولمىغان، شۇ غايە ـ نىشان ئاساسىدا قەلبى بىر-بىرىگە تۇتاشقان ھالدا بىرلەشكەن جامائەت كۈچى بولمىغان بىز كەبى بىر مىللەتنىڭ ھېچنېمىسى بولمايدۇ. چوڭ ـ چوڭ ئىشلارنى ۋۇجۇتقا چىقىرالمايدۇ. كۆزلىگەن مەقسەت، نىشانلىرىغا يېتەلمەيدۇ. بۇ خىل توپلۇم ئۆزىنىڭ قۇيرۇقىنى ئۆزى تالاپ، كۈچىنىڭ ئاساسىي قىسمىنى دۇنيا ـ ئاخىرەتتىكى بەخت-سائادىتى ئۈچۈن ئەمەس، ئۆز ئىچىدىكى تالاش-تارتىش، ئۇرۇش-جېدەللەرگە قارىتىپ، كۈچىنى خورىتىدۇ، ۋاقتىنى زايا قىلىدۇ. مۇستەقىل دۆلىتى بولغان تەقدىردىمۇ، مۇستەقىللىقىنىمۇ تۇتۇپ تۇرالمايدۇ ياكى ئىچكى زىددىيەت پاتقىقىغا پېتىپ قالىدۇ. تەشكىللەنمەكچى بولغان بۇ جامائەت ئەنە شۇ كۆزىمىزگە كۆرۈنۈپ تۇرغان سەلبىي ئەھۋاللارنى كۆزدە تۇتۇپ، شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرىنى ساغلام ئىدېئولوگىيە، توغرا غايە ـ نىشان ئاساسىدا بىرلەشتۈرۈپ، دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك بەخت-سائادىتى ئۈچۈن كۈرەش قىلىدىغان مۇستەھكەم بىر قوشۇن يېتىشتۈرۈشنى نىشان قىلىدۇ.

قۇرئان، ھەدىسنىڭ روھى ئەگەر توغرا تەتبىقلانسا، ھەرقانداق زامان، ماكانغا

ماس كېلىدۇ ھەمدە ئۆز قىممىتىنى نامايەن قىلىدۇ. تاكى قىيامەتكىچە ئۆز قىممىتىنى يوقاتمايدۇ. قۇرئان، ھەدىسنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە يول تۇتۇپ ماڭغان ھەر قانداق شەخس ۋە جامائەت دۇنيا-ئاخىرەتتە بەخت-سائادەتكە ئېرىشىدۇكى ھەرگىز خار بولمايدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن قۇرئان، ھەدىسنى ئۆگىنىش ۋە ھاياتىمىزغا تەتبىقلاپ ياشاشقا توغرا كېلىدۇ.

دېمەك، ھەربىر شەخس دىنىي ھاياتىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھەقىقىي ۋارىسلىق قىلىدىغان دىنىي يېتەكچىلەرنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان ئىسلامىي جامائەتكە مۇھتاج بولۇپ، ئۇلارنىڭ يېتەكچىلىكىدە توغرا يېتەكلەنگەن جامائەت ئەزالىرى قۇرئان، ھەدىسنى ھاياتىغا تەتبىقلاپ ياشايدىغان، ئىسلام چەمبىرىكى ئىچىدە قەلبى بىر-بىرىگە باغلانغان، توغرا ئاق-چۈشەنچىگە ئىگە بولغان، ھەمدە شۇ چۈشەنچە ئاساسىدا غايە-نىشانلىرى تۇرغۇزۇلغان، ئۆزىنىڭ قايسى مەيدان ۋە قايسى يولدا ئىكەنلىكىنى، ئۆلۈپ كەتسە قايسى يول ئۈستىدە ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىنى بىلىپ ياشايدىغان كىشىلەردىن بولۇپ يېتىشىپ چىقىدۇكى، يېپى ئۈزۈلگەن لەگلەكتەك شامال قايسى تەرەپكە چىقسا شۇ تەرەپكە ئۇچىدىغان نىشانسىز، غايىسىز، روھى چۈشكۈن، قەلبى قۇرغاق كىشىلەردىن بولمايدۇ. ئۇلار دۇنيادا كۆڭلى ئەمىن تاپقان ھالدا مەنىلىك، لەززەتلىك بىر ھاياتتا ياشىسا، ئاخىرەتتىمۇ ئىنشائاللاھ ئاللاھنىڭ رەھمىتى بىلەن بەخت-سائادەتكە ئېرىشىدۇ.

شۇنىمۇ ئەسكەرتىپ ئۆتۈش لازىمكى، ئىلاھىي قانۇنىيەت ۋە تارىخىي تەجرىبىلەرگە ئاساسلانغاندا زالىم ھاكىمىيەت چوقۇم ھالاك بولىدۇ. ۋەتىنىمىز قايسى يول بىلەن بولمىسۇن چوقۇم ئازات بولىدۇ. ئەمما ۋەتىنىنىڭ ئازاتلىقى بىر پۈتۈن ھۆرلۈكتىن دېرەك بەرمەيدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن بىزدە تەييارلىق ۋە ھازىرلىق (ۋەتەنگە ئېلىپ كىرگىدەك دەسمايە) بولۇشى لازىم. ئەگەر بىز ھازىر ئويغانمىساق، ئۆزىمىزنى ئازات ۋەتىنىنىڭ قاراڭغۇ زىندانلىرىدا كۆرگەندە ئاندىن ئويغىنىشىمىز مۇمكىن، بۇنىڭ مىسالى سامانىدەك تۇرۇپتۇ.

قىسقىسى، بىزنىڭ نۆۋەتتىكى رېئاللىقىمىز جامائەتلىشىشنىڭ بەكمۇ زۆرۈرلىكىنى تەقەززا قىلىۋاتقان بولۇپ، ئاساسى يوق ھەرخىل باھانە-سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ، بۇ ئىشقا سەل قاراپ ئۆتۈپ كېتىپ قالساق، (ئاللاھ ئۆز پاناھىدا ساقلىسۇنكى) تارىخىي بىر خاتالىقنىڭ شاھىتلىرىدىن بولۇپ قالىمىز ۋە ئۇنىڭ مەسئۇلىيىتىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايمىز.

ئاللاھ ھەممىمىزنى نەپسىگە قۇل ئەمەس ھۆكۈمران بولالايدىغان، بىلگىنىگە ئەمەل قىلىدىغان، بەسىرەتلىك مۇسۇلمانلاردىن قىلسۇن! مەنمەنچىلىكتىن، شەخسىيەتچىلىكتىن، يۇرتۋازلىقتىن ساقلىسۇن!

بۇ ماقالىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى: ئوبۇلقاسىم ئەھمەدى

www.uyghurkitap.com



# سودا-تىجارەتنىڭ ئىسلامدىكى ئورنى ۋە ئۇنىڭ پەزىلەتلىرى

ئابدۇمجىت مۇھەممەتئىمىن

بۇ تېمىدا قولۇمغا قەلەم ئېلىشتا ناھايىتى ئىككىلەندىم. بەلكىم كۆپىنچە ئوقۇرمەنلەر بۇنىڭ ئىككىلەنگۈدەك نەرى بار دەپ ئويلىشى مۇمكىن. بۇنىڭدا ئاساسلىق مۇنداق ئىككى سەۋەب بار:

1. مەلۇم بىرەر ساھەنىڭ ئىسلامدىكى ئورنى ھەققىدە قەلەم تەۋرىتىش ئۈچۈن چوقۇم ئەتراپلىق ۋە پۇختا بىلىم قۇرۇلمىسىغا ئىگە كىشىلەر بولۇشى كېرەك دەپ قارىدىم.

2. مەن ئۆزۈمنى بۇ تېمىدا قەلەم تەۋرەتكۈدەك پىشقان تىجارەتچى دەپ قارىمايمەن، يەنە كېلىپ ۋەتەن سىرتىدىكى مەن بىلىدىغان قېرىنداشلارنىڭ ئىچىدە شىركەتلەردە خىزمەت قىلىۋاتقانلار ۋە ھەرقايسى ساھەلەردە ئىلىم تەھسىل قىلىۋاتقانلار كۆپەرەك سالماقنى ئىگەللەيدۇ، مۇستەقىل تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلار ئانچە كۆپ ئەمەس. تىجارەت قىلىۋاتقانلارنىڭمۇ كۆپىنچىسى مەندىن ياش ۋە تەجرىبىدە كۆپ ئۈستۈن، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئاقساقاللىق قىلىشنى تازا خوپ كۆرمىدىم.

شۇنداق، بۇھەقتە مۇپەسسەل بىر ماقالىنىڭ ۋۇجۇتقا چىقىشىنى كۆپ ساقلىغان بولساممۇ، ئەمما يۇقىرىقىدەك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۆزۈم تۇتۇش قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىغان ئىدىم. ئۇزاق ساقلاشلاردىن كېيىن «يوق نەرسىنىڭ گېپىنى قىلىپلا ئولتۇرغاندىن، بار قىلىشنىڭ ئېپىنى قىلغان ئەۋزەل» دەپ قارىدىم-دە، قولۇمغا قەلەم ئالدىم.

ئۈمىدىم، مېنىڭ قاپيۇرەكلىك بىلەن ئوتتۇرىغا سۈرەپ چىققان بۇ ئەرزىمەس يازمىلىرىم پىشقان ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ ۋە مۇشۇ ساھەدىكى تەجرىبىلىك سەركىلەرنىڭ دىققىتىگە نائىل بولسا ۋە ئۇلار «ئەسلى مۇنداقراق يازاتتۇق» دەپ ئۆزىنىڭ ئىلىم داستىخىنىنى يايسا، تەجرىبە دۇردانىلىرىنى ئوتتۇرىغا چاچسا... ئەلۋەتتە مەن، سىز ۋە ھەممىمىز بۇنىڭدىن كۆپ مەنپەئەت ئالغان بولاتتۇق!

## تېمىغا كىرىش:

بىز ئۇيغۇرلار سودا-تىجارەت يولىغا باشقا خەلقلەرگە قارىغاندا خېلى بۇرۇنلا قەدەم قويغان. شۇ سەۋەبتىن سودا-تىجارەت بىزنىڭ مىللىي خاسلىقىمىزنىڭ روشەن بەلگىلىرىدىن بىرىگە، شۇنداقلا ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىپ كەتكەن. تارىخىي مەنبەلەرگە قارايدىغان بولساق بىزنىڭ ناھايىتى ئۇزاق زامانلار ئىلگىرىلا تىجارەت ۋە سودا-سېتىق بىلەن شۇغۇللانغان ۋە ‹‹قاشتېشى يولى››، ‹‹يىپەك يولى›› بويلىرىدىكى ئۆتەڭ - سارايلاردا ئۆچمەس سودا ئىزلىرىنى قالدۇرغان، ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردە ئىچكى ۋە تاشقى سودا پائالىيەتلىرىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن، يىراق ئەللەر بىلەن بولغان سودا ئالاقىسى ۋە كارۋان سودىلىرىنى قانات يايدۇرغان بىر خەلق ئىكەنلىكىمىز كۆزىمىزگە چېلىقىدۇ. مەن كىچىك ۋاقتىمدا يۇرتىمىزنىڭ ھەرقايسى ناھىيە-يېزا يول بۆلەكلىرىدە لەڭگەر دەپ ئاتىلىدىغان كەنت ۋە مەھەللىلەر بار ئىكەن. ھەممىمىزگە مەلۇم بولغىنىدەك لەڭگەر قەدىمدە كارۋانلار، سودىگەرلەر ۋە ھەر ساھەدىكى يولۇچىلار چۈشۈپ ئۆتىدىغان ئۆتەڭلەرنى كۆرسىتەتتى. دېمەك، يول-يوللارغا بەرپا قىلىنغان لەڭگەرلەر شۇ يەردە ياشىغۇچىلارنىڭ سودا-سېتىق بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنى، سودا-تىجارەت مەدەنىيىتىنىڭ قەدىمىي ئاساسقا ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز قىلچە ئىككىلەنمەستىن ھەر بىر ئۇيغۇردا مەلۇم نىسبەتتە تىجارەت ھۆجەيرىسى بار، دېيەلەيمىز. كونىلاردىمۇ «كۆرگەن كۆرگەننى قىلار، كۆرمىگەن نېمىنى قىلار» دەيدىغان بىر سۆز بار ئەمەسمۇ!

ئەسلىدە تىجارەت ۋە سودا-سېتىق نوقۇل تىرىكچىلىك ئېھتىياجىلا بولماستىن، بەلكى شەخس ۋە جەمئىيەتنىڭ گۈللىنىشىنى ۋە تەرەققىياتىنى ئالغا ئىتتىرىدىغان مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئەڭ ئەقەللىيسى تىجارەت ئادەمگە غورۇر ۋە روھىي يۈكسەكلىك ئاتا قىلىدىغانلىقى ھەممىگە ئايان.

ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر، پەيلاسوپ يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزىنىڭ بىباھا ئەسىرى «قۇتادغۇبىلىك»تە سودىگەر ۋە تىجارەتچىلەر ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دېگەن:

ئۇلاردا بولۇر بۇ جاھان ئارزۇسى،
خەلق كۆركى سەرخىل جىمى ياخشىسى.
مەشرىقتىن مەغرىبكە يۈرۈپ ئايلىنۇر،
تىلەگىڭ نە ئەرسە ساڭا كەلتۈرۈر.[1]

---

[1] «قۇتادغۇبىلىك» 4423-4422-بېيتلەر. (ئۇيغۇر تەتقىقات ئىنستىتۇتى نەشرى)

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بېكىتى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

دېمەك، خەلقىمىزنىڭ تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغانلارنى مەدھىيەلىشى ۋە ئۇلارنى ياخشىلىق ۋە بەرىكەت ئەلچىسى دەپ قارىشى تىجارەتنىڭ خەلقىمىز ئىچىدە بۇرۇندىنلا ئېتىبارلىق ۋە ئىپتىخارلىق بىر كەسىپ بولغانلىقىغا دەلىل بولالايدۇ.

يۇقىرىدا ھەربىر ئۇيغۇردا مۇئەييەن دەرىجىدە تىجارەت ھۆجەيرىسى بولىدۇ، دېگەن ھۆكۈم خاراكتېرلىك بۇ سۆزنى كىيىسىپ ئېيتىشىمىزدا نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدىغان پاكىتلاردىن يەنە بىرى شۇكى، قەدىمدە ئۇيغۇرلار ئەتراپتىكى باشقا خەلقلەر تەرىپىدىن «سارت» سۆزى بىلەن ئاتالغان. بۇ ئاتالغۇ تېخى ھېلىغىچە كىشىلەرنىڭ ئېغىزىدا بار. «سارت» سۆزىنى ئۇلۇغ تىلشۇناس، ئالىم مەھمۇد كاشىغەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا سودىگەر، تىجارەتچى دەپ ئىزاھلىغان.

قەدىمدە سودىگەر ۋە تىجارەتچىلەر يۇقىرىدا «قۇتادغۇبىلىك»تىن كەلتۈرۈلگەن نەقىللەردىكىدەك كىشىلەرنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ۋە يىراقنى يېقىن قىلىشتەك ئالاھىدىلىكى بىلەن مەدھىيەلەنگەن بولسا، بۈگۈنكى كۈندە دەۋرىمىزنىڭ تەخىرسىز تەلەپلىرىنى ھەل قىلغۇچىلار ۋە ئىشسىزلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرغۇچىلار؛ ئەڭ مۇھىمى دىن، ئىلىم پەن ۋە ئىقتىسادتىن ئىبارەت مۇكەممەل ھاياتلىقنى تەشكىل قىلىدىغان مۇھىم ئۈچ ئاساسنىڭ بىرىگە كاپالەت قىلغۇچىلار دەپ مەدھىيەلىنىشكە لايىق.

مېنىڭچە ھازىر ئىقتىسادنىڭ قانچىلىك مۇھىم ئىكەنلىكىنى تەكىتلەپ ئولتۇرۇش، گويا ئالدىمىزغا بىر پروفېسسورنى ئولتۇرغۇزۇۋېلىپ بىردىن ئونغىچە ساناشنى ئۆگەتكەندەكلا كۈلكىلىك بىر ئىش. ئىقتىسادنىڭ قانچىلىك مۇھىملىقىنى چۈشىنىشتە ئۆزىمىزنىڭ ھالىغا ۋە ئەتراپىمىزغا ئەقىل كۆزىمىز بىلەن قارىساقلا كۇپايە.

بىز ھاياتنى گويا ئۈچ پۇتلۇق داشقان دېسەك، دىن، ئىلىم-پەن ۋە ئىقتىساد ئۇنىڭ تەگپۇتلۇقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدىغان پۇتلىرىدۇر.

بىز ھاياتنى گويا بىر قۇش دەپ پەرەز قىلساق، دىن ئۇنىڭ يۈرىكى، ئىلىم-پەن ئۇنىڭ مېڭىسى، ئىقتىساد ئۇنىڭ قانىتىدۇر.

ناۋادا بىز مەزكۇر ئۈچ ئايرىلماس ئاساسنىڭ قايسى بىرىگە سەل قارىساق، تەبىئىيكى ھاياتلىقنىڭ مۇۋازىنىتىنى كاپالەتكە ئىگە قىلغىلى بولمايدۇ. يۈرەكسىز قۇش مەۋجۇت بولمايدۇ، مېڭىسىز مەۋجۇت بولغان قۇشنىڭ ھېچ ئەھمىيىتى بولمايدۇ، قاناتسىز قۇش ھامان يىرتقۇچلارغا يەم بولىدۇ. دېمەك، مەزكۇر ئۈچ ئاساسنىڭ قايسىبىرىدىن ئايرىلغان ھاياتلىق ھالاكەتكە يۈز تۇتىدۇ.

شۇنداق، ئۆلىما، ئىلىم-پەن ئالىمى ۋە تىجارەتچىلەر بىر قەۋمنىڭ مەۋجۇتلۇقىدا يادرولۇق رول ئوينايدىغان كىشىلەردۇر. ناۋادا بىر ئادەم ئۆزى ئۆلىما بولسا، ئىلىم-

پەندە پىتىشكەن بولسا، ئىشسىزلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرالايدىغان، ھېچ بولمىغاندا ئۆزىنىڭ ھاجەتلىرىدىن چىقالايدىغان تىجارىتى بولسا... بۇ گويا «ئالتۇن ئۈزۈككە ياقۇت كۆز قويغاندەك» ئېسىل ئىش بولىدۇ. ئەمما كۆپىنچە ھاللاردا بۇ ئۈچ ئاساسنىڭ بىر ئادەمدە مۇجەسسەملەنمىكى بەسى مۇشكۇل بولىدۇ. چۈنكى ئادەمنىڭ ئۆمرى چەكلىك، يەنە كېلىپ ھەر ساھەنىڭ ئۆزىگە خاس ۋاقىت ۋە زېھىن تەلىپى بولىدۇ. لېكىن شۇنداقتىمۇ مەزكۇر ئۈچ ئاساسنىڭ قايسىغا ئىمكانىيىتىمىز يەتسە شۇ ساھەدە بىر كىشىلىك مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىمىزگە ئېلىش دىن، ۋەتەن، مىللەت ئالدىدىكى مۇقەددەس بۇرچىمىزدۇر.

## سودا ـ تىجارەتنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدىكى بىر قىسىم ئايەت، ھەدىس ۋە ئەسەرلەر

«ناماز ئوقۇلۇپ بولغاندا (يەنى نامازدىن پارىغ بولغىنىڭلاردىن كېيىن) زېمىنغا تارىلىپ (يەنى ئۆز مەشغۇلاتىڭلار بىلەن بولۇپ)، ئاللاھنىڭ پەزلىدىن تەلەپ قىلىڭلار...»[1]

ئىمام بەغەۋىي مەزكۇر ئايەتنىڭ تەپسىرىدە «ئاللاھنىڭ پەزلى»نى سودا ـ تىجارەت ۋە مەئىشەت دەپ تەپسىر قىلغان.

ئەراك ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ جۈمە نامىزىدىن قايتقاندا مەسجىدنىڭ ئىشىك تۈۋىدە توختاپ «ئى پەرۋەردىگارىم، مەن سېنىڭ بۇيرۇقۇڭغا بويسۇنۇپ، پەرز نامازنى ئۆتەپ بولدۇم ۋە تارقىدىم، ماڭا ئۆز پەزلىڭدىن رىزىق بەرگىن، سەن ئەڭ ياخشى رىزىق بەرگۈچىسەن» دەيتتى.[2]

«... بەزىلەر ئاللاھنىڭ پەزلىنى تىلەپ (يەنى تىجارەت قىلىپ) سەپەر قىلىدۇ يەنە بەزىلەر ئاللاھنىڭ يولىدا جىھاد قىلىدۇ.»[3]

مەزكۇر ئايەتتە ئاللاھنىڭ پەزلىنى تىلەپ (يەنى تىجارەت قىلىپ) سەپەر قىلغان ئادەم بىلەن ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلغان ئادەم پاراللېل ھالدا تىلغا ئېلىنىدۇ. ئىمام ئىبنى كەسىر بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرىدە «ئاللاھنىڭ پەزلى»نى ھۈنەر ـ كەسىپ ۋە تىجارەت دەپ تەپسىرلەيدۇ. ئىمام سۇيۇتىي بۇ ئايەت تىجارەتنىڭ ئىسلامدىكى ئورنىغا ئىشارەت دەپ قارايدۇ.[4]

«ئى مۇئمىنلەر! بىر ـ بىرىڭلارنىڭ ماللىرىنى ناھەق يول بىلەن يېۋالماڭلار، ئىككى

[1] سۈرە جۇمۇئە ـ 10ئايەتنىڭ بىر قىسمى
[2] تەپسىر ئىبنى كەسىر
[3] سۈرە مۇزەممىل ـ 20ئايەتنىڭ بىر قىسمى
[4] تەپسىر قاسىمى

www.uyghurkitap.com

تەرەپ رازى بولۇشۇپ قىلىشقان سودا ـ سېتىق ئارقىلىق ئېرىشىلگەن نەرسە بۇنىڭدىن مۇستەسنا».[1]

«... ئاللاھ سودا ـ سېتىقنى ھالال قىلدى، جازانىنى (بەدەلسىز بولغانلىقى، شەخسكە ۋە جەمئىيەتكە زىيانلىق بولغانلىقى ئۈچۈن) ھارام قىلدى».[2]

«بىز سەندىن ئىلگىرى ئەۋەتكەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسىلا ئەلۋەتتە تاماق يەيتتى، بازارلاردا مېڭىپ يۈرەتتى.»[3]

رافىئ ئىبنى خەدىج رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى نېمە كەسىپ ئەڭ ئۇلۇغ دەپ سورىلىشىپدى، ئۇ: بىراۋنىڭ ئۆز قولى بىلەن ئىشلىگىنى ۋە دۇرۇسلۇق بىلەن قىلغان سودا ـ تىجارىتى» دەپ جاۋاب بەرگەن.[4]

مىقدام ئىبنى مەئدىيكەرىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بىراۋ يېگەن تاماقنىڭ ئەڭ ياخشىسى ئۆزى ئىشلەپ يېگىنىدۇر. ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى داۋۇد ئەلەيھىسسالام ئۆزى ئىشلەپ يەيتتى».[5]

زۇبەيىر ئىبنى ئەۋام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «سىلەرنىڭ بىرىڭلارنىڭ ئارغامچىسىنى ئېلىپ بېرىپ بىر يۇدۇم ئوتۇن ئەكىلىپ سېتىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئىززىتىنى ساقلاپ قالغىنى، ئۇنىڭ بىرىش ـ بەرمەسلىكى نائېنىق كىشىلەردىن سوراپ يۈرگىنىدىن ياخشىدۇر».[6]

يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، داۋۇد ئەلەيھىسسالام ئۆز قولى بىلەن ئەمگەك (تۆمۈرچىلىك) قىلىپ تۇرمۇش كەچۈرەتتى، زەكەرىيا ئەلەيھىسسالام ياغاچچىلىق قىلاتتى، مۇسا ئەلەيھىسسالام شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنىڭ قويلىرىنى ئون يىل باققان. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەرلىكتىن بۇرۇن قويمۇ باققان ۋە شام بىلەن مەككە ئارىسىدا تىجارەتمۇ قىلغان.

ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەدىنىگە كەلگەندە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى سەئد ئىبنى رەبىئىل ئەنسارى بىلەن قېرىنداش قىلىپ قويدى. سەئد ناھايىتى باي كىشى ئىدى، ئۇ ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا: «ساڭا ماللىرىمنىڭ يېرىمىنى بېرەي ۋە تويۇڭنى قىلىپ قوياي» دېۋىدى، ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف: «ئاللاھ ئائىلەڭ ۋە مېلىڭغا بەرىكەت بەرسۇن، مېنى

[1] سۈرە نىسا ـ 29ئايەتنىڭ بىر قىسمى
[2] سۈرە بەقەرە ـ 275ئايەتنىڭ بىر قىسمى
[3] سۈرە فۇرقان ـ 20ئايەتنىڭ بىر قىسمى
[4] ئىمام ئەھمەد مۇسنەدتە رىۋايەت قىلغان
[5] تىرمىزى رىۋايەت قىلغان سەھىھ ھەدىس
[6] بۇخارى رىۋايىتى

بازارغا باشلاپ قويغىن دېدى. (ئۇ بازارغا بېرىپ) (مەلۇم مىقداردا) پايدا بىلەن قايتىپ كەلدى». [1]

يۇقىرىقى ھەدىسكە قارايدىغان بولساق، ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئۆزىنى باشقىلارغا مۇھتاج بولۇپ ياشاشتىن پاك تۇتقانلىقىنى كۆرەلەيمىز. ئۇ ئۆزىنىڭ ئىززىتىنى ۋە ئىپپىتىنى ساقلاپ، ئۆز قولى بىلەن ئىشلەپ تۇرمۇش كەچۈرۈشنى تاللاپ، تىجارەت يولىغا قەدەم قويۇۋېدى، ئاللاھ ئۇنىڭغا بەرىكەت ئاتا قىلدى. ئۇنىڭغا تىجارەتنىڭ خىلمۇ-خىل يوللىرىنى مۇيەسسەر قىلدى. ئۆزى ئىشلەپ تويى قىلدى ۋە مەدىنىنىڭ داڭلىق بايلىرىدىن بىرى بولۇپ قالدى.

ئەييۇب سىخستانى ئەبۇ قىلابە ماڭا مۇنداق دېگەن دەيدۇ: «بازارنى تەرك ئەتمە، شۈبھىسىزكى بىراۋنىڭ ئۆزى ئىشلەپ باشقىلاردىن بىھاجەت بولۇشى ئىپپىتىنى قوغدىغانلىقتۇر». [2]

ئەلى ئىبنى فۇزەيل مۇنداق دەيدۇ: «دادام بىر كۈنى ئىبنى مۇبارەككە «ئۆزلىرى بىزنى زاھىد بولۇشقا، قانائەتچان بولۇشقا ئۈندەيلا، لېكىن سىلى خۇراساندىن ھەرەمگە مال كەلتۈرۈپ ساتىلا... بۇ قانداق گەپ ئۆزى؟!» دەپ سورىۋېدى، ئىبنى مۇبارەك: «ئى فۇزەيل مېنىڭ بۇنداق قىلىشىم، ئۆزۈمنىڭ ئىززىتىمنى ساقلاش، ئۆزۈمنىڭ قەدرىمنى قىلىش، ئىپپىتىمنى قوغداش ئۈچۈندۇر. مەن ئۆزۈم ئىشلەپ تېپىپ، شۇ ئارقىلىق ئاللاھقا تائەت-ئىبادەت قىلىمەن» دېدى». [3]

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئەگەر سىلەر ئاللاھقا ھەقىقىي رەۋىشتە تەۋەككۈل قىلغان بولساڭلار، ئاللاھ ئەلۋەتتە سىلەرگە قۇشلارغا بەرگەندەك رىزىق بەرگەن بولاتتى. قۇشلار ئەتىگەندە ئاچ چىقىپ، كەچتە قورساقلىرى تويغان ھالدا قايتىپ كېلىدۇ». [4]

مەزكۇر ھەدىسنى ئۆلىمالار تەۋەككۈل توغرىسىدىكى ئەڭ ياخشى كۆرسەتمە دەپ قارىغان. قۇشلار ئاللاھقا تەۋەككۈل قىلىپ، ئۇۋىلىرىدىن چىققانلىقى ئۈچۈن ئاللاھ ئۇلارغا رىزىق بېرىپ، قورساقلىرىنى تويغۇزۇش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ تەۋەككۈلىغا يارىشا مۇكاپاتلىغان. ناۋادا ھېچ ئىشقا ئىرەنشىمەي، ئورنىدىن قىمىرلىماي ئاللاھقا تەۋەككۈل قىلدۇق دېيىش ئىسلامدىكى تەۋەككۈل ئۇقۇمىغا ئۇيغۇن كەلسە ئىدى، مەزكۇر ھەدىستىكى «ئۇۋىسىدىن چىقىش» ۋە «قايتىپ كېلىش» دېگەن ئىبارىلەر ئارتۇقچە بولغان بولاتتى. بۇ ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە تەۋەككۈلنىڭ

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى
[2] «ئىھيائۇ ئۇلۇمىددىن».
[3] «باغداد تارىخى» (خەتىب باغدادى).
[4] ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئەڭ ياخشى يولى ئەتىگەن ئۆيدىن چىقىش ئىكەنلىكىنى، يەنى رىزىق ئىزدەپ ھەرىكەت قىلىش ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەرگەن.

بىر كۈنى زەيد ئىبنى مۇسلىمە كۆچەت تىكىۋاتاتتى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا «بەك ياخشى قىلدىڭ، (ئۆزۈڭ ئىشلەپ) كىشىلەردىن بىھاجەت بول، دىنىڭنى ساقلاشقا، كىشىلەر ئالدىدىكى قەدرىڭنى ساقلاشقا پايدىسى بار» دېگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرى كارۋان بولۇپ يۇرت ـ يۇرتلاردا ئايلىنىپ سودا قىلغان، ھەتتا دېڭىز سودىلىرى بىلەنمۇ شۇغۇللانغان، ئۇلار خورمىزارلىقلاردا ئەمگەكمۇ قىلغان.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرى ئۆزلىرى ئىشلەيتتى».[1]

شۇنداق، بارلىق ساھابىلەرنىڭ ئوخشىمىغان ساھەلەردە ئىش ـ ئەمگەكلىرى بار ئىدى. ئەنسارلار خورمىلىق باغلاردا ۋە ئېتىزلاردا ئىشلەيتتى، مۇھاجىرلار سودا ـ تىجارەت بىلەن شۇغۇللىناتتى. چوڭ ساھابىلەرنىڭمۇ ھەممىسى تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغانلار ئىدى.

ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خەلىپىلىككە تەيىنلەنگەن ۋاقتىدا مۇنداق دېگەن: «ھەممىڭلار بىلىسىلەر، مەن ھازىرغىچە تىجارىتىم ئارقىلىق ئائىلەمنىڭ تۇرمۇشىنى قامداپتىمەن، ئەمدى بۇ ۋەزىپىگە تەيىنلەندىم، بۇندىن كېيىن ئائىلەم بۇ مالدىن (يەنى بەيتۇلمالدىن) يەيدۇ ۋە مۇسۇلمانلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ».[2]

مانا بۇ رىۋايەتتىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆزىنىڭ تىجارىتىدىن ئىپتىخارلانغان ۋە ۋەزىپىگە تەيىنلىنىش مۇناسىۋىتى بىلەن تىجارىتىنى توختىتىپ قويغانلىقىغا ئۆزرە بايان قىلغان، شۇنداقلا ئەپسۇسلانغان. بۇ يەردىكى ئەپسۇسلىنىشنى ھەرگىزمۇ پايدا ـ مەنپەئەتكە قىيالماسلىق ياكى مۇسۇلمان ئاممىسىنىڭ ئىشىنى ئاددىي چاغلاش نۇقتىسىدىن ئەمەس، بەلكى تىجارەت بىلەن خىلاپەتنى تەڭ ئېلىپ مېڭىش ئىمكانىيىتىنىڭ يوقلۇقىغا، شۇنداقلا مۇسۇلمان ئاممىسىنىڭ ئورتاق مۈلكىدىن مائاش ئالغانلىقىغا ئەپسۇسلانغان دەپ چۈشىنىش كېرەك.[3]

يەنە بىر رىۋايەتتە بايان قىلىنىشىچە، ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ

[1] ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.
[2] ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.
[3] بۇ يەردە تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىك مۇھىم بىر مەسىلە بار، يەنى ئەل جامائەتنىڭ خىزمىتىنى قىلىۋاتقانلار ۋە ئۆزىنى دىنىي خىزمەتلەرگە ئاتىغانلار كۆپىنچە ۋاقىتلاردا تىجارەت ياكى ھۈنەر ـ سانائەتكە ۋاقىت چىقىرالماي قالىدىغان ئەھۋاللار مەۋجۇت، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ بىر قىسمى باشقىلارنىڭ ياردىمىگە تايىنىپ قالىدىغان، ئومۇمنىڭ مۈلكىدىن سەرپ قىلىشقا ھاجەت بولۇپ قالىدىغان ئەھۋاللار بار. بۇ ھالەتلەرنى خاتا دېيەلمەيمىز ئەلۋەتتە. ئەمما ئۇلارنىڭ بىر ئۆمۈر ياردەمگە تايىنىپ ياشاشنى نىشان قىلىۋېلىشى ۋە ئومۇمنىڭ مۈلكىنى بىر كىشىلىك ئېھتىياجىدىن ئارتۇق بۇزۇپ ـ چېچىشى، ياردەم ئېلىپ تۇرۇپ ھەشەمەتلىك تۇرمۇشقا بېرىلىشى، ئېھتىياج ئىگىلىرىگە ياردەم بېرىشكە توغرا كەلگەندە، ياردەم تەلەپ قىلغۇچىلارنىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجى ۋە تەخىرسىز زۆرۈرىيەتلىرىنى نەزەرگە ئالماي، بەلكى ئۇلارنىڭ ئۆزى ۋە ئۆزى تەۋە گۇرۇپپىغا بولغان يىراق ـ يېقىنلىقىنى، شۇلارغا بولغان قاراش، مەيدانلىرىنى ئاساس قىلىۋالىدىغان پوزىتسىيەلىرى تەنقىدلىنىشكە تېگىشلىك.

خەلپە بولغاندىن كېيىنمۇ ھەر كۈنى ئەتىگەن بازارغا بېرىپ سودا قىلغان. بىر كۈنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋە ئەبۇ ئۇبەيدە ئىبنى جەرراھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنى ئۇچرىتىپ قېلىپ «سەن مۇسۇلمانلارنىڭ خەلىپىسى تۇرۇپ، يەنە سودا قىلىپ يۈرەمسەن» دەپ سورىغاندا، ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ «ئۇنداقتا ئائىلەمنىڭ تۇرمۇشىنى قانداق قىلىمەن» دېگەن. ئۇلار «ئۇنداقتا ساڭا بىر نەرسە بېرىش كېرەك ئىكەن» دېيىشكەن.

ئەبۇ قىلابە بىر ئادەمگە مۇنداق دېگەن: «ماڭا سېنىڭ رىزىق تەلەپ قىلىپ ئىشلەۋاتقان ھالىتىڭنى كۆرۈش، مەسجىدنىڭ بىر بۇلۇڭىغا كىرىپ ئولتۇرغىنىڭنى كۆرگەندىنمۇ سۆيۈملۈكراق بىلىنىدۇ».

ئىمام غەززالى مۇنداق دەيدۇ: «شەرىئەتتە باشقىلاردىن تىلەپ يېيىش ۋە باشقىلارغا يۆلىنىپ ياشاش تەنقىتلىنىدۇ، ئاتا-ئانىسىدىن كۆپ مال - دۇنيا مىراس قالمىغان ئادەملەرنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرىدىغىنى ئاۋۋال ئاللاھ، ئاندىن ئۇلارنىڭ ھالال كەسىپ ۋە تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىشىدۇر».

تىجارەت ۋە سودىنىڭ ئەھمىيىتى توغرىسىدا يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە نۇرغۇنلىغان ئەسەر ۋە رىۋايەتلەر مەۋجۇت. بۇ رىۋايەتلەرنىڭ ئەڭ مەشھۇرى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنۇ سۆزىدۇر: «سىلەرنىڭ بىرىڭلار ‹ئى ئاللاھ ماڭا رىزىق بەر› دەپ (دۇئا قىلىپ)، رىزىق تەلەپ قىلىشتىن توختىۋالمىسۇن. شۇنى بىلىڭلاركى، ئاسماندىن ئالتۇن-كۈمۈش ياغمايدۇ».[1]

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «مەن نە دۇنيالىق ياكى ئاخىرەتلىك ئىشلارغا مەشغۇل بولماي، بىكار يۈرگەنلەرنى پەقەت ياقتۇرمايمەن».

بەزى سەلەپلەر مۇنداق دەيتتى: «بازارلار ئاللاھنىڭ داستىخانلىرىدۇر. كىمكى داستىخانغا ھازىر بولسا نېسىۋىسىنى ئالىدۇ».

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «ماڭا ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىپ ئۆلۈشتىن قالسا ئەڭ سۆيۈملۈك ئۆلۈم - جاھان كېزىپ، ئاللاھنىڭ پەزلىنى تىلەپ (يەنى تىجارەت قىلىپ) كېتىۋاتقان ھالىتىمدىكى ئۆلۈمدۇر».

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «راستچىل، ئامانەتدار تىجارەتچى قىيامەت كۈنى پەيغەمبەرلەر، سىددىقلار ۋە شەھىدلەر بىلەن بىرگە ھەشر قىلىنىدۇ».[2]

بىز يۇقىرىدا كەلتۈرگەن ئايەت ۋە ھەدىسلەر تىجارەتنىڭ ئىسلامدىكى ئورنىنىڭ

[1] «ئىھيائۇ ئۇلۇمۇددىن».
[2] تىرمىزى رىۋايەت قىلغان. كۆپىنچە مۇھەددىسلەر زەئىپ دەپ قارىغان.

ھەقــەدەر يۈكســەك ئىكەنلىكىنــى ئىپادىلــەپ بېرىشــتە يېتەرلــىك دەپ قارايمــەن.

شۈبھىســىزكى، ھــەر ئــادەم شــەرىئەت كۆرســەتكەن تىجــارەت ئەدەپ ـ قائىدىلىرىگــە ئەمــەل قىلغــان ئاساســتا ئۆزىنىــڭ ئىقتىــدارى ۋە ئەمەلىــي شــارائىتىغا قارىتــا تىرىشــچانلىق كۆرسەتســە، ئالــلاھ ئۇنىڭغــا چوقــۇم بەرىكــەت بېرىــدۇ، تىرىشــچانلىقنى ھەرگىــز زايــا قىلىۋەتمەيــدۇ. بۇنىڭغــا چــىن قەلبىمىزدىــن ئىشىنىشــىمىز كېــرەك.

رىزىــق يۇتۇنلــەي دىپلــوم، ئۇنــۋان ياكــى ئالىلقانداقتــۇر ئاتاقلارغا، شــۇنداقلا مەخسۇس ئوقــۇپ كادىــر بولــۇپ، ھۆكۈمەتتىــن ئالىدىغــان مائاشــقا باغلانغــان ئەمــەس. دۇنيادىكــى ئىقتىســادەمەن، زەردارلارنىــڭ تارىخىنــى ۋاراقــلاپ باقىدىغان بولســاق، كۆپىنچىســىنىڭ ھېچقانچە ســاۋادى يــوق كىشــىلەر ئىكەنلىكىنــى ھەيرانلىــق ئىلكىــدە بايقايمىــز، چۈنكــى ئالىلاھنىــڭ قانۇنىيىتــى تىرىشــقانلارنىڭ تىرىشــچانلىقنى زايــا قىلىۋەتمەســلىكتۇر. ئالــلاھ تائــالا قۇرئــان كەرىمــدە مۇنــداق دەيــدۇ: «ئىنســان پەقــەت ئۆزىنىــڭ ئىشــلىگەن ئىشــىنىڭ نەتىجىســىنى كۆرىــدۇ».[1]

ئەمەلىيەتتــە بىــز ئالىلاھقــا تەۋەككــۇل قىلىــپ، ئالىلاھنىــڭ پەزلــى ـ مەرھەمىتىنــى كۆزلــەپ ھــالال رىزىــق يولىغــا قــەدەم قويىدىغانــلا بولســاق، يۈرىســەتلەر ئۆزىچــە كەمچىلمــۇ ئەمــەس. بــۇ يەردىكــى مەســىلە پەقــەت بىزنىــڭ مەۋجــۇت يۈرســەتنى بايقــاش ياكــى بايقىيالماســلىقىمىزدا، شــۇنىڭدەك يۈرســەتكە تۇتقــان پوزىتسىيىمىزدە. كونىــلاردا «ئــۆردەك پىيســەك غازنىــڭ پىيىــدە بــول» دەيدىغــان بىــر ھېكمــەت بــار. بىــز مەيلــى قايســى ســاھەگە قــەدەم باســايلى، چوقــۇم ئــۆز ســاھەيىمىزدە ئىزچىــل ئىزدىنىشــىمىز، يېڭــى ـ يېڭــى ئۇچــۇر ۋە مەلۇماتلاردىــن ۋاقتى ـ ۋاقتىــدا خــەۋەردار بولــۇپ تۇرۇشــىمىز، ئۆزىمىــز قىلىۋاتقــان ۋە قىلماقچــى بولغــان ســاھەنىڭ ئۆتمۈشــى، ھازىــرى ۋە كەلگۈســى ھەققىــدە كاللىمىــزدا مۇئەييــەن چۈشــەنچە ۋە تونــۇش ھاســىل قىلىشــىمىز كېــرەك.

## تىجارەتچىلەر بىلىشكە تېگىشلىك بىر قانچە مۇھىم نۇقتىلار:

1. نىيەتنى خالىس قىلىش.

ھەرقانــداق بىــر ئــىش مەلــۇم مۇددىئــا ۋە ئارقــا كۆرۈنــۈش بىلــەن ۋۇجۇتقــا چىقىــدۇ. بىــز تىجارەتكــە قــەدەم تاشــلىغان ۋاقتىمىزدىمــۇ چوقــۇم كۆڭلىمىزگــە ئوخشــىمىغان نىيــەت ۋە مەقســەتلەرنى پۈككــەن بولىمىــز. كۆڭلىمىزدىكــى مۇشــۇ نىيــەت ۋە مەقســەتلىرىمىز تىجارىتىمىزنىــڭ كېيىنكــى ئىســتىقبالى ۋە راۋاجىغــا، شــۇنداقلا ئۇنىــڭ بەرىكىتىگــە ئالاھىــدە تەســىر كۆرســىتىدۇ. چۈنكــى ئادەمنىــى ھەرىكەتكــە كەلتۈرۈدىغىنــى كۆڭلىگــە پۈككــەن غايىلىــرى بولىــدۇ. نــاۋادا بىــز تىجارەتتىــن پەقــەت ئۆزىمىزگــە يەتكىــدەك مەنپەئەتنىــلا كۆزلــەپ قــەدەم باسقان بولســاق، تىرىشــچانلىقلىرىمىزمۇ شــۇنىڭغا يارىشــا بولىــدۇ. نــاۋادا ئــەڭ ئــاۋۋال ئۆزىمىزنــى ھاجەتمەنلىكتىــن قۇتۇلــدۇرۇش، ئاندىــن ئەتراپىمىزدىكــى قــەۋم ـ

[1] سۈرە نەجم، ـ 39ئايەت.

قىرىنداشلىرىمىزغا يار ـ يۆلەكتە بولۇش ... قاتارلىقلارنى نىيەت قىلغان بولساق، شۇنىڭغا يارىشا تىرىشچانلىق كۆرسىتىمىز، ئاللاھنىڭ بەرىكىتىمۇ شۇنىڭغا يارىشا بولىدۇ.

ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىمكى (باشقىلاردىن بىر نەرسە سوراشتىن) ئۆزىنى ساقلىغان بولسا، ئاللاھ ئۇنىڭ ئىززىتىنى ساقلاپ قالىدۇ، كىمكى (ئۆزى تىرىشىپ ئىشلەش ئارقىلىق) باشقىلارغا بىھاجەت بولماسلىقنى ئىستىگەن بولسا، ئاللاھ ئۇنى باشقىلاردىن بىھاجەت قىلىدۇ (يەنى باي قىلىدۇ).[1]

سەھل ئىبنى سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ ‹ئى مۇھەممەد، سەن خالىغانچە ياشا بەرىبىر ۋاپات بولىسەن، خالىغان كىشىلەرنى ياخشى كۆر، ھامان ئايرىلىسەن، خالىغىنىڭنى قىل، ئۇنىڭ ھېسابىنى بېرىسەن› دېدى ۋە يەنە ‹ئى مۇھەممەد، مۇئمىننىڭ شەرىپى كېچىدە نامازغا تۇرۇش بىلەن بولىدۇ، ئۇنىڭ ئىززىتى (ھالالدىن ئىشلەپ) باشقىلارغا ھاجەتمەن بولۇپ قېلىشتىن ساقلىنىش بىلەن بولىدۇ› دېدى.[2]

## 2. جۈرئەتلىك بولۇش

جۈرئەت تىجارەتچىدە كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى. مەلۇم بىر ساھەگە كىرىشمەكچى بولغان تىجارەتچى قولىدىن كېلىدىغان بارلىق ئىمكانىيەتلىرى بىلەن شۇ ئىشنى ئەتراپلىق كۆزىتىش، مۇناسىۋەتلىك كىشىلەردىن مەسلىھەت سوراش، بازار تەكشۈرۈش ... قاتارلىق مۇھىم باسقۇچلارنى بېسىپ بولغاندىن كېيىن، ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىپ دەرھال تۇتۇش قىلىشى كېرەك. دۇنيادا ئاقىۋىتى يۈزدە ـ يۈز ئايدىڭ تىجارەت مەۋجۇت ئەمەس. ھەرقانداق تىجارەتتە مەلۇم جەھەتتىن پايدا ـ زىيان ئېھتىماللىقى بولىدۇ. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغاندەك زۆرۈر قەدەم باسقۇچلارنى تاماملاپ بولۇپمۇ يەنە ئىككىلىنىپ تۇرۇۋېلىش، جۈرئەت قىلالماسلىق ... تىجارەتچىگە خاس سۈپەت بولمايلا قالماستىن، بەلكى ئاللاھقا قىلىنغان يامان گۇمان ھېسابلىنىدۇ.

بىر ھەدىس قۇدسىيدا ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «بەندەم مېنى قانداق ئويلىسا مەن ئۇنىڭغا شۇنداق مۇئامىلە قىلىمەن...»[3] بۇ ھەدىس قۇدسىينىڭ روھى بويىچە بولغاندا، مۇئمىن ـ مۇسۇلمانلار ھەر ئىشتا دائىم ئۈمىدۋار، ئاكتىپ، جۇشقۇن روھى كەيپىياتنى ساقلىشى لازىم. ھەر بىر ئىشتا ئاللاھتىن ئۈمىدۋار بولۇشى كېرەك. چۈنكى ئۇلارنىڭ ھامىيسى غەلبە، بەرىكەت ئۇنىڭ ئىلكىدە بولغان زاتتۇر. شۇنى ئۇنتۇماسلىقىمىز كېرەككى، ئاللاھقا قىلىنغان ياخشى گۇمان ۋە ئۈمىدلەرمۇ چوقۇم ساپ نىيەت ۋە ياخشى ئەمەللەرگە ياندىشىپ كېلىشى كېرەك.

[1] ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.
[2] ھاكىم «مۇستەدرەك»تە رىۋايەت قىلغان.
[3] ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

ئاۋادا ئۇنداق بولمىسا، ياخشى گۇمان ۋە ئۈمىدلەر قۇرۇق خام خىيالدىن باشقا نەرسە بولماي قالىدۇ.

بىز ئۇيغۇرلاردا بۇرۇندىن باشلاپ بىرەر تىجارەتكە قەدەم كەلتۈرگەندە ياكى بىرەر دۇكان ـ ساراي ئاچقاندا، يۇرت ـ جامائەتكە چاي بېرىدىغان، غېرىپ ـ غۇرۋالارغا نەرسە ـ كېرەك تارقىتىدىغان ياخشى بىر ئادەت بار. مانا بۇ ئىشلىرىمىزنى باشلىغان تىجارىتىمىزگە ئاللاھتىن بەرىكەت ئۈمىد قىلىشنىڭ ياخشى ئەمەل بىلەن بىر گەۋدىلەشكەن رېئال كۆرۈنۈشىدۇر.

بىزدە «تەۋەككۇل دەرياسىغا سالغىن كېمە، مەيلى چۆكسۇن مەيلى ئاقسۇن سەن ئۇنىڭدىن غەم يېمە» دېگەن بىر ئاتالار سۆزى بار. ئەلۋەتتە دېگىنىمىز بويىچە كەلمەي تۇرۇپ، كېمىنى دېڭىزغا سالماي تۇرۇپ يىللارچە قارشى قىرغاقنىڭ چۈشىنى كۆرسەكمۇ، بەربىر چۈشىمىز چۈش پېتىچە قېلىۋېرىدۇ. توختىماي مەسلىھەت قىلىپ، ئەمما ھېچ ئىشقا تۇتۇش قىلماي يۈرىدىغان ئادەملەر ئەمەلىيەتتە ئاللاھقا ھەققىي رەۋىشتە تەۋەككۇل قىلالمىغان، ئاللاھقا بولغان ئىشەنچىسى تازا پىتەرلىك بولمىغان كىشىلەردۇر. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: «... ئىشتا ئۇلار بىلەن كېڭەشكىن؛ (كېڭەشكەندىن كېيىن) بىر ئىشقا بەل باغلىساڭ، ئاللاھقا تەۋەككۈل قىلغىن. ئاللاھ ھەققەتەن تەۋەككۈل قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ».[1]

3. باشلىماقچى بولغان ساھەنى چۈشىنىش

باشقىلارنىڭ قىلغۇاتقان ئىشلىرىغا، تېپىۋاتقان پايدىلىرىغا قاراپلا ئالدىراپ ـ سالدىراپ شۇ ساھەگە كىرىشمەكچى بولۇش قىسمەن يېڭى تىجارەت باشلىماقچى بولغانلاردا كۆرۈلىدىغان بىر خاتالىقتۇر.

بىز بىرەر ساھەگە كىرىشمەكچى بولساق، ئالدى بىلەن ئۆزىمىزنىڭ تەبىئىي ئالاھىدىلىكىمىز ۋە قىزىقىشىمىزغا ماس كېلىدىغان تىجارەت تۈرىنى تاللىشىمىز؛ بازار تەكشۈرۈپ، ئۆز مەھسۇلاتىمىزنىڭ ئىستېمال ئېھتىياجىنى مۆلچەرلىشىمىز كېرەك. شۇنى ئېسىمىزدىن چىقىرىپ قويماسلىقىمىز كېرەككى، باشقا ئادەملەر يۈرۈشتۈرەلىگەن تىجارەتنىڭ بىزدىمۇ ئوخشاشلا يۈرۈشۈپ كېتىشىگە ھۆددە قىلغىلى بولمايدۇ. بىز ئۆزىمىز مۇستەقىل ئالاھىدىلىك، مۇستەقىل خۇي ـ مىجەزگە ئىگە ئادەم بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن سودا ـ تىجارەتتە ھەددىدىن زىيادە تەقلىدچىلىك يولىغا كىرىۋالمىغىنىمىز تۈزۈك.

بازار ئېگىلەشتە ئۆزىمىز تاللىغان ساھە ياكى شۇنىڭغا يېقىنراق بىرەر ساھەدىكى شىركەت، كان ـ كارخانا ۋە ياكى دۇكانلاردا ئەمەلىي ئىشلەپ، تەجرىبە ئۆگىنىش ئەڭ

[1] سۈرە ئال ئىمران، ـ 159ئايەت.

ئاقلانە تاللاش. شۇ نەرسە ئېسىمىزدە بولسۇنكى، ھازىر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدىكى ساھابىلەردەك ئېلىكىدىكىنى باشقىلارغا ئۆتۈنۈپ بېرەلەيدىغان كىشىلەر قەتئىي ئۇچرىمايدۇ دەپ كېسىپ ئېيتالمىساقمۇ، ئەمما كۆپ ئۇچرىمايدىغانلىقى ھەقىقەت.

شۇنىڭ ئۈچۈن ھەممە ئىشتا باشقىلارنىڭ مەسلىھەتىگە ۋە يول كۆرسىتىشىگە تايىنىۋېلىش تازا مۇۋاپىق ئۇسۇل ئەمەس. گەرچە باشقىلارنى ياخشى ئىشلارغا باشلاپ قويۇشنىڭ، سەممىي نەسىھەت ۋە كۆرسەتمە بېرىشنىڭ قانچىلىك ئۇلۇغ ئىش ئىكەنلىكىنى ھەممىمىز بىلسەكمۇ، ئەمما رېئال نۇقتىدىن قارايدىغان بولساق، ئىقتىسادقا مۇناسىۋەتلىك ئىشلاردا ئۆز كەسپىنىڭ ۋە تىجارىتىنىڭ مەخپىيەتلىكلىرى ۋە سىرلىرىنى بىزگە ئېيتىپ بېرىدىغانلار ئاساسەن چىقمايدۇ. ئېيتىپ بەرگەن تەقدىردىمۇ ئۇ پەقەت شۇ ئادەمنىڭلا كەچۈرمىشى بولغاچقا، بىزگە ۋە بىزنىڭ ئەمەلىي شارائىتىمىزغا قانچىلىك ماس كېلىدۇ، بۇنى بىر نەرسە دېگىلى بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن باشقىلاردىن مەسلىھەت ئېلىش، سوراش ۋە سۈرۈشتۈرۈش بىلەنلا بولدى قىلماي، ئۆزىمىز ئەمەلىي ئىشلەپ بېقىش، باشقىلارنىڭ مەسلىھەت، كۆرسەتمىلىرى ۋە ئۆز تەجرىبىلىرىمىزنى يېزىپ خۇلاسە چىقىرىپ بېقىش تولىمۇ زۆرۈر. ئۇنىڭدىنمۇ مۇھىم بولغىنى سەمىمىيلىك بىلەن ئۆزىمىزنىڭ ئەمەلىي ئىقتىسادىي شارائىتىمىز، ماددىي كۈچىمىز، بەدەن قۇرۇلمىمىز، روھىي قۇۋۋىتىمىز، رىقابەتكە قارىتا ئىممۇنىت كۈچىمىز، ياشاۋاتقان جەمئىيەتنىڭ مۇقىم ياكى ئەمەسلىكى، شۇ دۆلەتنىڭ پۇل ئايرىۋاشلىنىش ئەھۋالىنىڭ سىجىل ياكى ئەمەسلىكى، ئېلىكىمىزدىكى ۋاقىت ۋە شارائىتنىڭ غايىمىزگە يار بېرىدىغان-بەرمەيدىغانلىقى... قاتارلىق تەرەپلەرنىمۇ ئەستايىدىل ئويلىشىشىمىز كېرەك.

«قۇتادغۇبىلىك»تە يېقى تىجارەت باشلىماقچى بولغانلار ھازىرلاشقا تېگىشلىك شەرتلەرنىڭ بىر قىسمى سۆپەتتە مۇنداق بېيىتلەر بايان قىلىنغان:

«ئۇ بىلسۇن تىجارەت يولىنى ھامان،
ئۇنى گەر بىلەلمەس تاپالماس ھايان.
پۈتۈن مال – تاۋارنى ئۇ بىلمەك كېرەك،
باھالىق، باھاسىزنى ئۇقماق كېرەك.
باھانى ئۇ بىلسۇن ۋە ئالدانمىسۇن،
ئېلىپ مال، ساتاردا زىيان تارتمىسۇن!»[1]

---

[1] «قۇتادغۇبىلىك» – 2803–2802–2801بېيىتلەر. (ئۇيغۇر تەتقىقات ئىنستىتۇتى نەشرى).

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

4. ئىستىخارە قىلىش

بىز ئىستىخارەنى تۆتىنچى باسقۇچ سۈپىتىدە تىلغا ئالدۇق. چۈنكى ئىستىخارەنىڭ مەنىسى تاللاپ بېرىشنى ئاللاھتىن تەلەپ قىلىش دېمەكتۇر. بىز ئىستىخارەنى كالللمىزغا غىل ـ پال كەلگەن خىياللارغا ئاساسلىنىپلا ئەمەس، بەلكى يۇقىرىقى ئۈچ باسقۇچنى تاماملاپ بولغاندىن كېيىن قىلىشىمىز كېرەك. ئىستىخارە خىيال باسقۇچىدا ئەمەس، بەلكى ئىرادە باسقۇچىدا قىلىنىدۇ. ماددىي ۋە مەنىۋىي تەييارلىق بولمىغان ھالدا، خىيالغا كەلگەن ھەر ئىشقا ئىستىخارە قىلىپ يۈرۈش، ئىستىخارەنىڭ ھېكمىتى ۋە مەنىسىنى چۈشەنمىگەنلىكتۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرگە (ئىرادە ۋە تەۋەككۇل تەلەپ قىلىدىغان) بارلىق ئىشلاردا ئىستىخارە قىلىشنى ئۆگەتكەن.

5. سودا ـ سېتىقلىرىدا ئاللاھقا تەقۋادارلىق قىلىش

تەقۋادارلىق بىزدە ناماز، روزا... قاتارلىق بىر قانچە ئىبادەتلەر دائىرىسىدىلا چۈشىنىپ كېلىنگەن بولۇپ، كۆپىنچە كىشىلەر مۇئامىلە، ئىلىم ـ سېتىم... قاتارلىقلار بىلەن تەقۋادارلىقنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدا ئويلىنىپمۇ باقمايدۇ. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ‹بىراۋنىڭ جەننەتكە كىرىشىگە ئەڭ بەك سەۋەب بولىدىغان ئىش قايسى؟› دەپ سورالغاندا، ‹تەقۋادارلىق ۋە گۈزەل ئەخلاق› دەپ جاۋاب بەرگەن». [1] دېمەك، گۈزەل ئەخلاق يەنى كىشىلەر ئارىسىدىكى گۈزەل مۇئامىلە، ئىلىم ـ بىرىمىلەردىكى سەممىيەت تەقۋادارلىق بىلەن پاراللېل ئورۇنغا قويۇلغان. شۇنىڭ ئۈچۈن سودا ـ تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار خېرىدارلار بىلەن مۇئامىلە قىلىشىۋاتقاندا ئۆزىنىڭ راستچىللىقى، سەممىيىتى ۋە گۈزەل ئەخلاقى بىلەن ئاللاھقا تەقۋادارلىق قىلىشى كېرەك. بىزدە «بولمىساڭ ئىللىق چىراي، ئاچمىغىن دۇكان ـ ساراي» دېگەن ھېكمەت بار. ئەمەلىيەتتە تىجارەت سورۇنى، سودا مەيدانى مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا سىياسەت مەيدانىدۇر. باشقىلار بىلەن قانداق مۇئامىلە قىلىشنى بىلمىگەن، دىئالوگلىشىشنى بىلمىگەن سىياسەتچى سىياسەت سەھنىسىدە غالىپلاردىن بولالمىغاندەك، خېرىدارلىرىغا قانداق مۇئامىلە قىلىشنى، قانداق تەبەسسۇم قىلىشنى بىلمىگەن تىجارەتچى ئۇزاق ئۆتمەي تىجارەتنى توختىتىشقا مەجبۇر بولىدۇ.

—— داۋامى كېيىنكى ساندا...

بۇ ماقالىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى: مۇھەممەد يۈسۈپ

[1] ئەلبانى «ھەسەن» دەپ باھالىغان ھەدىس.



# ئاتلانغان روھلار

تاھىرجان

ئىنسانىنىڭ قىممىتى ھىممىتى بىلەن ئاشىدۇ. چۈنكى ھىممەت يۈكسەكلىكنىڭ ئەڭ يۇقىرى ئۆلچىمىدۇر. بۇ ئادەتتە باشقىلارنىڭ سائادىتى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ سائادىتى ۋە شەخسىي ئارزۇ ـ تەلەپلىرىنى قۇربان قىلىشتەك يۈكسەك روھ ۋە تەۋرەنمەس ئىرادىگە ئىگە ھىممەت ساھىبقىرانلىرىنىڭ قىممەت قارىشىدۇر.

ئۆز خەلقىنىڭ ھۆرىيىتىنى ۋە ئۇلارنىڭ دۇرۇس ئەقىدە ۋە ساغلام ئىمانىنى قوغداپ قېلىش يولىدا ئۆزىنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتى ۋە شان ـ شەرىپىدىن ۋاز كېچىش، ھەتتا ھۆركىرەپ، چوڭ سۆزلەش كېرەك بولغاندىمۇ غىزىۋىنى بېسىۋېلىپ، ئاچچىقىنى يۇتۇۋېلىشتەك ئالىي پىداكارلىق روھىنى، ئادەتتە ھەممە ئادەمدىن كۈتكىلى بولمايدۇ. بۇ پەقەت ئۆز ئىرادىسىگە خىلاپ ھالدا قانىدىن، يىرىڭدىن دەريالارنى كېچىشكە تەييار ۋە ئىرادىلىك، ساھىلى سالامەتكە چىقىپ، نىشانغا يەتكەندە ھەم نەتىجىنى ئۇلۇغ ياراتقۇچىسى رەببىنىڭ ئىلتىپاتى بىلىپ، ئۇنىڭ ئالدىدا ئېگىلىپ، شۈكۈر سەجدىسىگە باش قويىدىغان، سۆزى، ھەتتا تىنىقى زىكىر ـ تەسبىھ بىلەن ئۆتىدىغان، ھەر شەخسنى ئۆزىدىن ئۈستۈن ۋە ئېزىز بىلىدىغان، ھەرقانداق بىر مۇۋەپپەقىيىتى سەۋەبلىك ئالقىشلايدىغان كىشىلەرنى ئۆزىگە يۈتلاشتۇرۇۋالماي، رەببىگە بولغان بەندىچىلىك ئىرادىسىنى تېخىمۇ كۈچلەندۈرىدىغان، ئوتتۇرىدا قالغان ھەرقانداق ئىشنىڭ پېشىنى قويۇۋەتمەي، ھەممىدىن بۇرۇن شۇ ئىشتىن ئۆزىنى مەسئۇل ۋە

جاۋابكار بىلىدىغان، ھەقىقەتنى قوغداشتا ھېچقانداق كىشى بىلەن مۇرەسسە قىلمايدىغان، ئەمما ھەقىقەتنى قوغداشقا ياردەمگە كەلگەن ھەممە ئادەمگە ھۆرمەتتە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كۆرۈندىغان... مۇئەسسەسىلىرى يىقىلىپ، پىلانلىرى بۇزۇلغان، بىرلىكى بۇزۇلۇپ، كۈچ ـ قۇۋۋىتى قالمىغان تەقدىردىمۇ ھەم پەۋقۇلئاددەئىشەنچكە تولغان ئۈمىدلىك؛ يېڭىدىن قاناتلىنىپ، پەلەكلەردە پەرۋاز قىلغان چېغىدا ھەم كەمتەر، ھەر قانداق ھەق دەۋانىڭ جاپالىق ۋە يولىنىڭ ئېگىز ـ پەس ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭغا قۇچاق ئاچىدىغان دەرىجىدە ئاقىل ۋە سەزگۈر، ئۇ يولدا ئۆلۈم پەنجىسىگە قامالغان تەقدىردىمۇ، قورقۇپ قالمايدىغان دەرىجىدە جەسۇر ئاتلانغان روھلارنىڭ ھىممىتى ۋە ئالىي ئىدىيالىدۇر.

ئاتلانغان روھلار ـ ئۇلار ئۆزلىرى ئىشىنىپ، يولغا باش قويغان دەۋانىڭ قارا سەۋداسى، نۆۋىتى كەلگەندە جان ۋە جانانلىرىنى پىدا قىلالايدىغان دەرىجىدە ۋاپادار، بېشىغا كەلگەن ھەرقانداق جاپا ـ مۇشەققەتلەرگە باش قاتۇرۇپ كەتمەيدىغان دەرىجىدە كۆڭۈل ئەرلىرىدۇر. چۈنكى ھەر قانداق بىر يولنىڭ كەيپ ـ ساپاسى بولغىنىدەك، زەخمەت ۋە جاپاسى بولىدۇ. بولۇپمۇ بۇ يول ئەبەدىيەت ۋە چەكسىزلىككە باغلانغان ئۇلۇغ يولدۇر. شۇنداق، ھەر قانداق خۇشاللىق يولى ئېگىز ـ پەس ۋە جاپالىق بولغىنىدەك، بۇنىڭدەك چەكسىزلىككە باغلانغان خۇشاللىق ۋە سۆيگۈسىز سائادەتمۇ يولدىن تېپىۋالىدىغان ياكى ئالتۇن كۆمۈشتەك يەردىن قېزىۋالغىلى بولىدىغان ماددىي نەرسە ئەمەس. ھەر سائادەت چىقىش قىيىن بولغان چوققا ۋە تاغ ـ داۋانلارنىڭ ئارقىسىدا ۋە ھەر خۇشاللىق مۇشەققەتلىك ئۇزۇن يوللارنىڭ ئاخىرقى بېكىتىدە. مىسىر ئەزىزى بولۇش ئۈچۈن، باشتا قۇدۇققا تاشلىنىش، ئەسىرگە ئوخشاش قول بازارلىرىدا سېتىلىش، ئېغىر جىنايەتچىدەك زىندانلارغا تاشلىنىش شەرت بولىدىغان بولسا، ئەلۋەتتە بۇنى ئۆزگەرتىشكە ھېچ كىمنىڭ چامى يەتمەيدۇ ياكى بۇلارنى ياشىماي مەقسەتكە يېتىمەن دېگىلى تېخىمۇ بولمايدۇ. چۈنكى ھېكمەت قولى ئاچقان يولنى ھېچ كىم ئۆزگەرتەلمەيدۇ. ئۇنى ئۆزگەرتىمەن دېيىش، شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتىنى ئۆزگەرتىشكە ئۇرۇنغانلىق بىلەن تەڭ بولىدۇ.

تاغدەك تۇپلىشىۋالغان بۇلۇتلارغا، تولغاق ئازابى چېكىۋاتقان ئانىلارغا، چارپاي، ئۆچارلىق ۋە قۇرت ـ قوڭغۇزلارنىڭ ھال ـ ئەھۋالىغا، ئۆمۈچۈكنىڭ مۇھەندىسلىك سەنئىتىگە، چۈمۈلىنىڭ ئۆزلۈكسىز ھەرىكىتىگە نەزەر سالغىنىمىزدا، سۈننەتۇللاھ يەنى جانابىي ئاللاھنىڭ ئەشيا ۋە ھادىسىلەرنىڭ ماھىيىتىدە قويغان قانۇن ۋە سىستېمىلارنىڭ جانلىق ۋە جانسىز پۈتۈن شەيئىلەر ئۈچۈن ئوخشاش جەريان قىلىدىغانلىقىنى كۆرىمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن سائادەت كۆزلەپ، ئەركىنلىككە ئاتلانغان روھلار، سەۋدالىنىپ، يولغا باش قويغان دەۋاسى ئۈچۈن ئاللاھنىڭ قانۇنىيىتى بويىچە بەدەل تۆلىمەي، پىداكارلىق كۆرسەتمەي، قۇربان بەرمەي داۋان ئاشالمايدىغانلىقىنى بىلىپ يېتىشى كېرەك.

ئىنسان، جاپا ـ مۇشەققەت ئۈچۈن يارىتىلغان ۋە ھايات يولىنى قاتمۇ ـ قات

قىينچىلىق ۋە غەم ـ قايغۇ قاپلىغان جاپاكار بىر يولچىدۇر. ئۇنىڭ مەنزىلى سالامەتلىك پەقەت شۇ قىينچىلىقلارغا قارشى ئىلىپ بارغان مۇجادىلىسىگە باغلىقتۇر. كاشكى، بۇ ھەققەتنى ھەممىمىز روھىمىزغا سىڭدۈرۈپ، بىر قانچە ئەسىردىن بېرى يەلكىمىزنى بېسىپ، يۈرىكىمىزنى مۇجۇپ كەلگەن زۇلۇم ـ ستەملەرگە قارشى ئاتلىنىپ، لايىقىدا جاسارەت كۆرسىتەلىگەن بولساق!

روھىي تاكامۇللۇقى بىلەن پۈتۈنلەشكەن ئاتلانغان روھلارغا نىسبەتەن دەۋا يولىدا دېڭىز ـ ئوكيانلاردىن ئۆتۈپ، تاغ ـ داۋانلاردىن ئېشىش، خۇددى تىك تۆپىدىن قويۇپ بېرىلگەن يۇمىلاق تاشنىڭ دوملىغىنىدەك راۋان ۋە تېز بولىدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ نىشانى ئېنىق، يولى توغرا، غايىسى يۈكسەك. شۇڭىمۇ ئۇلار دۇنيا مىقياسىدا يۈز بەرگەن ھەر قانداق سىياسىي ئۆزگىرىش ۋە ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنى چۈشىنىشتە تولىمۇ سەزگۈر كېلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار دەۋا يولىدا نە يول مۇشەققىتى ھېس قىلىدۇ، نە دە باشقىلاردەك غەم ـ ئەندىشە ۋە قايغۇ ـ ئەلەم ئىچىدە ياشايدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ نەدىن كەلگەنلىكىنى نېمىشقا كەلگەنلىكىنى نەگە كېتىدىغانلىقىنى تولۇق چۈشىنىپ يەتكەن روھى يۈكسەك ئەرلەردۇر. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ پۈتۈن ئىشى ۋە ھېس تۇيغۇلىرىدا تامامەن جانابى ئاللاھنىڭ لۇتفى ـ ئىنايىتىگە سىغىنىدۇ، قورۇق ئۈمىد بىلەن پەللىگە چىقىش، كەلگۈسىنىڭ خام خىياللىرى بىلەن داۋان ئېشىش ئارزۇسى بىلەن ياشىمايدۇ.

شۇنداق ھەققىي ئاتلانغان روھلار كېرەك بولغاندا، دۇنيا ھاياتىغا پەرۋا قىلماي ئاخىرەت ئالىمىگە يۈرۈشنى بىلىدۇ. كۆڭۈل بەرگەن دەۋاسى يولىدا ھەر قانداق جاپا ـ مۇشەققەت تاپا ـ تەنە ۋە مالامەتكە پەرۋا قىلمايدۇ. چۈنكى ئۇلار پىشقان مۆمىن ۋە تاۋلانغان مۇسۇلمان بولۇشقا ئىرادە تىكلىگەن دەۋا ئەرلىرى ۋە ئاتلانغان روھلاردۇر.

دەۋا يولىغا ئاتلانغان روھلارنىڭ يەنە بىر ئۆزگىچىلىكى، دۇنيا ۋە دۇنياغا ئالاقىدار ھەرقاندىق بىر مەسىلىنى ئۆزىنىڭ ئاساسلىق غايىسى قىلىۋالمايدۇ. دەۋاسى ئۈچۈن قۇربان قىلىشى كېرەك بولغان نەرسىلەرگۇ مەيلى، بىرىشكە مەجبۇر بولمىغان نەرسىلەرنىمۇ مېھرىدىن ۋاز كېچەلەيدۇ. مانا بۇ ئالاھىدىلىك ئۇلارنىڭ مۇقەددەس دەۋا يولىغا ئاتلانغانلىقىنىڭ نامايەندىسىدۇر.

ئەسلىدە، دىن، ۋەتەن، مىللەت قاتارلىق پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق قىممەت قاراشلىرى دەپسەندە قىلىنىۋاتقان بۈگۈنكىدەك ئېغىر مۇسىبەتلەرنىڭ ئىزتىراپ ۋە ئاچچىقىنى ھەققىي مەنىدە ۋىجدانلىرىدا ھېس قىلالىغانلار، قەلبى ئويغاق بىر قىسىم يۈكسەك روھلاردۇركى، ئىشىنىپ كۆڭۈل بەرگەن ئۇلۇغ دەۋاسى ۋە يۈكسەك ئىدىئالى ئۈچۈن خۇشاللىق بىلەن ھاياتىنى ۋە ماقام ـ مەنسەپلىرىنى پىدا قىلالايدۇ. ھېس

- تۇيغۇسىز ئىنسانلارغا كەلسەك، پىداكارلىق نامىغا ئىغىزىدا كۆپ لاپ سۆزلىگەن بىلەن، لاپلىرىنىڭ ئارقىسىدا تۇرالمايدۇ.

نۆۋەتتىكى ۋەزىيىتىمىزنىڭ تەلپى خۇددى ئەينى ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككە مۇشرىكلىرىغا قارشى، «ئوڭ قولۇمغا كۈننى، سول قولۇمغا ئاينى تۇتقۇزغان تەقدىردىمۇ بۇ دەۋادىن ئەسلا ۋاز كەچمەيمەن» دېگىنىدەك، كۆڭۈل بەرگەن دەۋاسى ئۈچۈن، دادىللىق بىلەن ساداقەتمەنلىكنى ئوتتۇرىغا قويالايدىغان، ئۇن نەچچە قەبىلىدىن تاللىنىپ كېلىپ، ئۆتكۈر قىلىچلىرىنى يالىڭاچلاپ، ئالەملەرگە رەھمەت بولۇپ ئەۋەتىلگەن پەيغەمبىرىمىزنىڭ جېنىغا زامىن بولۇش قەستىدە،مۇبارەك ئۆيىنىڭ ئەتراپىدا كېچە نۆۋەتتە تۇرۋاتقان مۇشرىكلارنىڭ يامان ئەلپازىنى بىلىپ تۇرۇپ، پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئورنىدا بىخىرامان ئۇخلىيالىغان شاجائەت سۇلتانى ھەزرىتى ئەلىيدەك دەۋاسى ئۈچۈن جېنىنى ئاتىيالايدىغان، پەيغەمبەر، ئىمان، قۇرئان ۋە ئۇنى قوغداش يولىغا باش قويۇش نىيىتى ئاتا قىلغان جانابى ھەق تائالاغا شۈكۈر سەجدىسىدىن باش كۆتۈرمەيدىغان، دەۋا يولىدا قولىغا كەلتۈرگەن چوڭ - كىچىك ھەرقانداق بىر ئۇتۇق ۋە مۇۋەپپەقىيىتىگە مەغرۇرلانمايدىغان، ئەكسىچە بۇنى جانابى ئاللاھنىڭ لۇتپى - ئىنايىتى بىلىپ، داۋاملىق ئالدىغا قاراپ ئىلگىرىلەيدىغان، «قولىغا كەلتۈرگەنلىرىنى ئەمەس، ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى مۇھىم بىلىدىغان، بار - يوقى، ھەتتا ئەھلى - ئەۋلادىدىن ئايرىلىپ قالغان تەقدىردىمۇ سەۋرچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىشنى بىلىدىغان ئالىي روھ ۋە پىشقان ئىمان ئەرلىرىنىڭ كۆپلەپ يېتىلىشىدۇر.

بۇ مەسىلىدە بىزگە ئەڭ نەمۇنىلىك ئۈلگە ھەزرىتى ئەييۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەھۋالىدۇر. ئەييۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ سەۋرچانلىقىنى ۋە تەۋەككۇلچانلىقىتىكى ئۈستۈنلۈكنى ئۇ زاتنىڭ پەقەتلا بىمارلىق ئەھۋالىغا قارىتىۋېلىشقا بولمايدۇ، بەلكى ئۇ زاتنىڭ ھاياتىنى بىر پۈتۈن نەزەرگە ئېلىپ، ئۆرنەك ئېلىشقا توغرا كېلىدۇ. جانابى ئاللاھ ئەييۇب ئەلەيھىسسالامنى تۈرلۈك بالا-مۇسىبەتلەر بىلەن ئىمتىھان قىلغان ئىدى. ئەييۇب ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى پۈتۈن چارۋا ماللىرىنىڭ بۆرە - قوزغۇنلار تەرىپىدىن تامار قىلىنغانلىقىنى، باشقا بىر كۈنى ئېكىنزارلىقلىرىنىڭ بوران - چاپقۇنلاردا ھالاك بولغانلىقىنى كۆرگىنىدە، بۇلارنىڭ ھېچ بىرىدىن بىر شىكايەتتە بولمىغىنىدەك، ئەكسىچەرەببىغا تامامەن بىر تەسلىمىيەت ئىچىدە ئايالىغا: «كۆڭلىڭنى يېرىم قىلما! بۇ مال - مۈلۈك بىزگە رەببىمىزنىڭ ئامانىتى ئىدى، ئۇنى يەنەرەببىمىز ئۆزى قايتۇرۇۋالدى» دېگەنتى. يەنە بىر كۈنى، بىر قېتىملىق يەر تەۋرەشتە، ئۇنىڭغا بالا - چاقىلىرىنىڭ ئۆلگەنلىك خەۋىرى كەلگەندە، ئۇنىڭ كۆزلىرى ئاتىلىق شەپقىتى بىلەن نەملەنگەن بولسىمۇ، يەنە ئۇ تولۇق بىر سەۋر ۋە تەسلىمىيەت تۇيغۇسى بىلەن : «بىزگە پەرزەنت ئامانەت قىلىپ، ئۇلارنى ئۆزى تاپشۇرۇۋالغان رەببىمىزغا ھەمدۇ - سانالار بولسۇن» دېگەنتى.

ئۇ زاتقا ھەر قېتىم بىر مۇسىبەت كەلگەندە شەيتان ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ، «سەن تىنماي ئەمەل ـ ئىبادەت قىلىپ، ئۆزۈڭنى رەببىڭگە ئاتىۋەتكەن بولساڭمۇ، لېكىن رەببىڭ سېنىڭ پەرزەنتلىرىڭنىڭ جېنىنى ئالدى، مال ـ مۈلكۈڭنى ۋەيران قىلدى، بولۇپمۇ كېسەللىك ھەر كۈنى تېخىمۇ ئېغىرلاپ كېتىۋاتىدۇ، شۇنداق تۇرۇغلۇق يەنە سەن ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلامسەن؟» دەپ، ئۇ زاتنى ئىسيانغا دەۋەت قىلاتتى. ئەييۇب ئەلەيھىسسالام بولسا، شەيتاننىڭ بۇ ئىغۋاگەر سۆزلىرىگە پىسەنت قىلمىغان ھالدا سەۋرچانلىقنى تېخىمۇ ئاشۇرۇپ، ئاللاھتىن كەلگەن ھەر قانداق مۇسىبەت ۋە بالا ـ قازالارنى خۇشاللىق بىلەن قارشى ئالاتتى ۋە: «ئاللاھقا چەكسىز ھەمدۇ ـ سانالار بولسۇنكى، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۇ زات ئۆزى بەرگەنتى، يەنە ئۆزى ئالدى» دەيتتى.

مانا ئىنسان، دۇنيا ئىشلىرىدا قول ئىلكىدىكى نەرسىلەرگە بۇ چۈشەنچە بىلەن مۇئامىلە قىلىشنى بىلىشى زۆرۈر؛ مەلۇم سەۋەبلىك مال ـ مۈلكىدىن ئايرىلىپ قالغاندا ھەزرىتى ئەييۇب ئەلەيھىسسالامدەك پوزىتسىيەدە بولۇشنى بىلگەن كىشىنىڭ قەلبى راھەت بولىدۇ. غەم ـ ئەندىشە قىلىپ، ئۈمىتسىزلىنىپ كەتمەيدۇ، بەلكىدەرەببىغا بولغان بەندىچىلىكىنى تېخىمۇ كۈچلەندۈرۈپ، ئۇ زاتنىڭ مەرھەمىتىگە ئىلتىجا قىلىدۇ. مانا بۇ ھەقىقىي مۆمىننىڭ مال ـ مۈلۈككە قارىتا تۇتقان يولىدۇر. دۇنيانى تەرك ئېتىش دېگەنلىك، مال ـ مۈلۈك ئىگىسى بولماسلىق دېگەنلىك ئەمەس. ئۇنداق بولسىدى، قۇرئان كەرىمدە ئېلىم ـ سېتىم ھالال، جازانە ھارام قىلىنمىغان بولاتتى، ھەمدە ئىسلام شەرىئىتىدە تىجارەت ۋە پۇل ـ مۇئامىلىگە ئالاقىدار مەخسۇس قانۇن ئوتتۇرىغا قويۇلمىغانمۇ بولاتتى. ئەسلىدە ئىسلام دىنىنىڭ روھى بويىچە بولغاندا، مۆمىنلەر باشقىلارغا قارىغاندا تېخىمۇ كۆپ ئىشلىشى، ھەر ساھەدە تولۇق يېتىلىپ، دۇنيا ئىقتىسادىنى ئىدارە قىلىشى كېرەك. نورمال ئەھۋالدا بىر مۆمىن قارۇندىنمۇ ئېشىپ باي بولۇشى، ھەتتا دۇنيانىڭ پۈتۈن راھاۋىتىدىن بەھرىمەن بولۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولۇشى مۇمكىن، بۇنىڭدا بىر چەكلىمە يوق. لېكىن، كېرەك بولغاندا ئاللاھ يولىدا پۇل ـ مال خەجلىمەسلىك، دىنى، ۋەتىنى ۋە خەلقىنىڭ بېشىغا كۈن چۈشكەندە چىقىم قىلماسلىق، شۇنىڭدەك ئۆز مەنپەئەتىنىقوغداش ئاساسىدا باشقىلارنى ئېزىش، خورلاش، ھەتتا زۇلۇم قىلىش ۋاستىسى قىلىۋېلىش قەتئىي چەكلىنىدۇ.

ئەسلىدە ئىنسان دۇنيادا تىرىشىپ ئىگىلىك تىكلىشى زۆرۈر، ئىگىلىك تىكلىگەندە ئۇنى كەسپىي جەھەتتىن ياخشى كۆرۈشى، قەلبى جەھەتتىن تەرك ئېتىشى تېخىمۇ زۆرۈر. قاچانكى ئىنسان دۇنيانى بۇ شەكىلدە تەڭپۇڭلاشتۇرالىسا، ئاندىن كېرەك بولغاندا ئۇنى ئاللاھ يولىدا چىقىم قىلالايدىغان دەرىجىدە يۈكسىلەلەيدۇ.

ھەقىقىي ئاتلانغان روھلار دەۋا يولىدا كۆرسەتكەن پىداكارلىقى ئۈچۈن باشقىلاردىن ئالقىش كۈتمەسلىكى، ھەتتا ئاخىرەتتىكى مۇكاپاتىنىمۇ خىيال قىلماي خالىس ئاللاھ ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىش مىزانىنى ئاساس قىلىشى كېرەك. ئىخلاسنىڭ ئەڭ چوڭ

ھەرتۈرلىرىنىڭ قاتارىدىن، ئەگەر بىر ئىنسان ئەمەل - ئىبادىتىنى، ھەتتا ئاللاھنىڭ كەلىمىسىنى ئۈستۈن قىلىش يولىدىكى مۇجادىلىسىنى، دەرد - ئەلەم، غەم-قايغۇسىنى ۋە تۇرمۇشلاردا قىيىن - قىستاقلاردا قېلىشىنى پەقەت جەننەتكە كىرىشنىڭ كاپالەتچىسى دەپ بىلسە، ئۇ كىشى ئېرىشىمەن دەپ زىيان تارتىپ قېلىشى مۇمكىن. ئاتالانغان روھلار ھەر قانداق ئىش - ئەمەل ۋە ھەرىكەتلىرىنى ۋە بېشىغا كەلگەن پۈتۈن دەرد - ئەلەم ۋە غەم - قايغۇلىرىنى جەننەتكە كىرىشنىڭ كاپالەتچىسى ئەمەس، ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىشنىڭ يولى بىلىشى كېرەك. بۇ مۇۋازىنەت ئۆلچىمى بويىچە مىڭ بالاغا مۇپتىلا بولغان تەقدىردىمۇ، ئاتالانغان روھلار ئاللاھ يولىدا بېشىغا كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسىگە قاتلىنىدۇ. ھېچ قانداق بىر ئۈتۈق ياكى بىر مۇسىبەتنى ئەسلا جەننەتكە كىرىشنىڭ بىردىن بىر دەسمىيىسى قىلىۋالمايدۇ. تائەت - ئىبادىتى، جاپا - مۇشەققىتى ۋە دەرد ئەلەمنى دۇنيالىق ياكى ئاخىرەتلىك مەھسۇلاتى قاتارىدا كۆرمەيدۇ. بەلكى، دەيدۇكى، «مەن ئاللاھنىڭ يولىدا، بۇ يولدا ئاللاھ مېنى ئىمتىھان قىلىدۇ، مال بىلەن، جان بىلەن، ئەھلى - ئەۋلاد ۋە قورقۇنچ بىلەن سىنايدۇ بۇ ھەقتە جانابى ئاللاھ مۇنداق دېگەن: «بىز سىلەرنى بىرئاز قورقۇنچ بىلەن، بىرئاز قەھەتچىلىك بىلەن ۋە ماللىرىڭلارغا، جانلىرىڭلارغا، باللىرىڭلارغا، زىرائەتلىرىڭلارغا يېتىدىغان زىيان - زەخمەت بىلەن چوقۇم سىنايمىز»[1] بۇ سەۋەبلىك بىز ھەر قانداق بىر ياخشى ئىشنى قىلمايلى ياكى بىر مۇسىبەت ۋە جاپا - مۇشەققەتكە دۇچار بولمايلى، ھەممىنى ئاللاھتىن بىلىپ، ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەشتىن باشقا غايە - نىشانىمىز بولماسلىقى لازىم، شۇنىڭدەك ھەر قانداق بىر ياخشى ئىشىمىز ۋە مۇۋەپپىقىيەتلىرىمىز بىلەن پەخىرلىنىپ كەتمەسلىكىمىز بەلكى ھەممە ئىشتا جانابى ھەق تائالانىڭ رازىلىقىنى چىقىش قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنچۈشىنىپ يېتىشىمىز كېرەك».

توغرا، ئىنسان جانابى ھەق تائالاغا شۇنداق بىر خالىسانە قۇللۇققا نامزات بولۇشى كېرەككى، بۇ دۇنيالىق ھاياتىمدا پەقەتلا سېنىڭ رازىلىقىڭنى تەلەپ قىلىمەن، ساڭا سادىق بىر قۇل بولۇشتىن باشقا غايەم يوق دېيەلىشى؛ قىسقىسى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ بىر ھەدىسىدە: «ھەرقانداق ئادەم ئاللاھ ئۈچۈن بولسا، ئاللاھمۇ ئۇ كىشى ئۈچۈن بولىدۇ» دېگەن سۆزىنىڭ روھىنى ئۆزىگە سىڭدۈرىشى كېرەك.

ئەنە ئاشۇلار، «پەقەتلا ئاللاھ ئۈچۈن ئاتالانغان روھلار» نىڭ سۈپىتى ۋە ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكىدۇر. ئەگەر مىللىتىمىزنىڭ سالامىتى ئىمانىنىڭ ئامانلىقى كاپالەتكە ئىگە بولسا، بۇنىڭدىن مىڭ قات ئېغىر مۇشەققەتكە دۇچار بولسىمۇ، ئۇلارنى قورقۇتالمايدۇ. چۈنكى ئىنسان ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش يولىدا، ماددىي - مەنىۋى راھەت - پاراغەتتىن قانچىلىك پىداكارلىق قىلالىسا، شۇنچىلىك ئاللاھقا يېقىن بولىدۇ، قوللىرىنى كۆتۈرۈپ قانچىلىك نىيازدا بولسا، راھمان تائالانىڭ رەھمىتى ۋە ئىنايىتىگە شۇنچىلىك ئېرىشىدۇ. مانا بۇ ئۇلارنىڭ بىردىن بىر دەردى ۋە قايغۇ - ئەلەمىدۇر.

بۇ ماقالىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى: ئاتاۋۇللا سەئىد

[1] سۈرە بەقەرە، 155 - ئايەت.



# ياشلاردىكى ئېزىپ كېتىشنىڭ ئاساسلىق سەۋەبلىرى

ئابدۇۋارىس روزى

ياشلار جەمئىيەتنىڭ كۈچى ۋە ئاساسىدۇر، ھەر قايسى جەمئىيەت بەلكى ھەر بىر ئۈممەتنىڭ ياخشىلىنىشى ياشلارنىڭ ياخشىلىنىشىغا قاراشلىقتۇر. ياشلار ياخشىلانغاندىن كېيىن جەمئىيەتتىكى بۇزغۇنچىلىق يوقايدۇ. ياشلارنىڭ ئۈممەتتىكى ئورنى قەلبىنىڭ تەندىكى ئورنىغا ئوخشايدۇ، قەلب تۈزەلسە پۈتۈن بەدەن تۈزۈلىدۇ، شۇنىڭدەك ياش بۇزۇلسا ۋە يولدىن چىقسا پۈتۈن جەمئىيەتكە ئەكس تەسىرى بولىدۇ. جەمئىيەتتە ياشلارنىڭ لىنىيەسىنى بۇرۇۋېتىدىغان، خىزمىتىگە توسقۇنلۇق قىلىدىغان، كۈچ-قۇۋۋىتىنى خورىتىدىغان، بەلكى ئۇلارنىڭ كۆز قارىشىنى ئۆزگەرتىۋېتىدىغان توسالغۇلار بار، بۇ توسالغۇلار ياشلارغا ۋە جەمئىيەتكە سەلبىي تەسىر ئېلىپ كېلىدۇ. بىز مەقسەت قىلىۋاتقان توسالغۇلار ياشلاردىكى ئېزىپ كېتىش ئامىللىرىدۇر. بۇ توسالغۇلار ئىچكى ۋە سىرتقى توسالغۇ دەپ ئىككىگە بۆلۈنگەن، ھەم ئۇنىڭ سەۋەب ۋە مەنبەلىرى ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، ئاللاھ ساقلاپ قالمىسا ئادەم ئۇ سەۋەبلەرنىڭ بىرىدىن قۇتۇلسا، يەنە بىرىنىڭ تۇزىقىغا چۈشۈپ قالىدۇ. بۇ سەۋەبلەرنىڭ ئەڭ ئاساسلىقلىرى تۆۋەندىكىچە:

## 1. بىكارچىلىق

ئىمام بۇخارىي ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن «كۆپىنچە كىشىلەر قەدرىگە يېتەلمەيۋاتقان ئىككى نېمەت بار، ئۇ بولسىمۇ تەن ساقلىق ۋە بوش ۋاقىتتۇر.»[1] پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بوش ۋاقىت دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك مەنپەئەتلىك ئىشلاردا ئىشلىتىلسە نېمەت بولىدىغانلىقىنى، ئەمما ياشلار بوش ۋاقىتنى پۇرسەت بىلمىگەندە نېمەتتىن ئازابقا ۋە ئىنئامدىن مۇسىبەتكە

[1] صحيح البخاري (8/88) ـ 6412نۇمۇرلۇق ھەدىس.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئايلىنىپ ياشلارنى شەيتانلارنىڭ قولىدىكى ئويۇنچۇققا ئايلاندۇرۇپ قويىدىغان قورقۇنچلۇق بىر كۆلەڭگە بولىدىغانلىقىنى بايان قىلىدى.

شەك شۈبھىسىزكى، ياشلىق، بوش ۋاقىت ۋە بايلىق ئۇنۇملۇك ئىشلىتىلمىسە، ئىنساننى قاتتىق بۇزىدۇ. غەرب پسىخولوگ ئالىملىرى ياشلارنىڭ بىكار تەلەپلىكى، يۈز بېرىۋاتقان جىنايەتلەرنىڭ ئەڭ چوڭ سەۋەبلىرىدىن بىرى ئىكەنلىكىنى بايقىغان ۋە ياشلار بوش ۋاقىتلىرىدا ئۆزى يالغۇز قالسا بۇزۇق تۇيغۇ ۋە پىكىرلەر، شەھۋانىي ئوي-خىياللار كېلىۋاتىدىغانلىقىنى شۇنىڭ بىلەن خىيال ۋە ھاۋايى ھەۋەسنىڭ دولقۇنى ئالدىدىكى ياش، خىياللىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىپ نۇرغۇن چەكلەنگەن ئىشلارنى قىلىپ سالىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

بۇ غەرب ياشلىرىلا ئۇچراۋاتقان مەسىلە بولماستىن، بەلكى پۈتۈن دۇنيا ياشلىرى ئورتاق بولغان بىر مەسىلىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن رەسۇلۇللاھ ئالدىراشلىقتىن بۇرۇن بوش ۋاقىتنى، قېرىلىقتىن بۇرۇن ياشلىقنى، كېسەل بولۇشتىن بۇرۇن ساقلىقنى، ئۆلۈمدىن بۇرۇن ھاياتنى پۇرسەت بىلىشنى تەۋسىيە قىلغانتى.

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ «يا دۇنيالىقى يا ئاخىرەتلىكى ئۈچۈن بىر ئىش قىلمايدىغان بىكار ئادەمنى كۆرسەم ئاچچىقىم كېلىدۇ» دەيتتى.

## 2. ئائىلىدىكى چۇۋالچاقلىق

ئائىلە بولسا، ياشلارنىڭ قورغانىدۇر. ياشلارنىڭ دۇرۇست ۋە مۇكەممەل بولۇشىدا ئائىلىنىڭ تەسىرى ئىنتايىن چوڭ. ئاتا-ئانا ياشنىڭ روھىدا ئاكتىپ ئۆلگە ھېسابلىنىدۇ. ئاتا-ئانا قانداق ئادەتلەندۈرسە بالا شۇنداق ئادەتلىنىدۇ؛ قانداق ئۆگەتسە شۇنداق ئۆگىنىدۇ. ئاتا-ئانىسى ياخشى بولسا بالا ياخشى؛ ناچار بولسا ناچار بولىدۇ. شائىرنىڭ سۆزىدە كەلگەندەك: «ياشلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى ئاتىسىنىڭ ئادەتلەندۈرگىنى بويىچە بولىدۇ».

ئائىلىدىكى چۇۋالچاقلىق ياشلارنىڭ يولدىن چىقىشىغا تۈرتكە بولىدىغان ئەڭ چوڭ ئامىل ھېسابلىنىدۇ. بىر يىگىت ياكى قىز دائىم ئاتا-ئانىسى سوقۇشقان ھالەتتە، دادىسىنى بىر تەرەپتە ئانىسىنى بىر تەرەپتە كۆرۈشى ياكى دادىسىنىڭ ئۆيگە ۋە بالىلىرىنىڭ تەربىيەسىگە كۆڭۈل بۆلمەيدىغانلىقىنى كۆرۈشى، شۇ بالىدا روھىي چۈشكۈنلۈك پەيدا قىلىدۇ. بۇنداق چۈشكۈنلۈكتە ئۆسكەن ياش كىچىك جەمئىيىتى بولغان ئائىلىسىنى ئۇنتۇش ئۈچۈن ھاراق ئىچىش زەھەرلىك چېكىملىكلەرگە خۇمار بولۇشتەك يامان ئىشلارغا يۈزلىنىدۇ. ئائىلىسىدە تاپالمىغان مېھرى-مۇھەببىتىنى سىرتتىن تاپماقچى بولۇپ دوست ئىزدەيدۇ. ياشنىڭ ياخشى ياكى ناچار بولۇشىدا مۇشۇ دوستلارنىڭ ئالاھىدە تەسىرى بار.

شەكسىزكى دوستلۇق ئىجتىمائىي ھاجەتلەر قاتارىدىن بولۇپ، ھەر بىر ئىنسان ئۇنىڭغا موھتاجدۇر. چۈنكى دوستلۇق ئىنسان ئۆزىنىڭ ئەتراپىدىكى ئىشلارنى بىلىپ چۈشەنگەن كۈندىن باشلاپلا روھقا سىڭىپ يىلتىز تارتىپ كەتكەن بىر ئېھتىياجدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن رەسۇلۇللاھ دوست-يارەنلەرنى تاللاش ھەققىدە يول يورۇق كۆرسىتىپ مۇنداق دېگەنىدى

«ياخشى ۋە ناچار دوستنىڭ مىسالى ئىپار ساتىدىغان كىشى بىلەن كۆرەك باسىدىغان كىشىنىڭ مىسالىغا ئوخشايدۇ. ئىپار ساتىدىغان كىشى يا ئىپاردىن ساڭا سوغا قىلىدۇ ياكى سەن سېتىۋالىسەن ياكى ئۇنىڭدىن خۇشپۇراق ھېس قىلىسەن؛ ئەمما كۆرەك باسىدىغان كىشىگە كەلسەك، ئۇ يا كىيىمىڭنى كۆيدۈرىدۇ ياكى ئۇنىڭدىن سېسىق پۇراق ھېس قىلىسەن»[1]

دېمەك، ياخشى كىشىگە ھەمراھ بولساڭ ئۇ سېنىڭ قەلبىڭنى ياشارتىدۇ، پىكرىڭنى نۇرلاندۇرىدۇ، ئەيىپلىرىڭنى كۆرسىتىپ قويىدۇ، ئىبادەت قىلىشىڭغا ياردەم قىلىدۇ ۋە سېنى ياخشى كىشىلەر بىلەن تونۇشتۇرىدۇ. ياخشى ھەمراھ ساڭا ئاللاھنى ئەسلىتىدۇ، سەن بار ياكى يوق يېرىڭدە سېنى قوغدايدۇ، ئابرۇيىڭنى ساقلايدۇ. ياخشىلار تۇپلاشقان سورۇنلارغا رەھمەت ياغىدۇ، پەرىشتىلەر قورشايدۇ، خاتىرجەملىك چۈشىدۇ، شۇڭا ئۇنىڭ ئۈچۈن ياخشى ھەمراھلارنى چىڭ تۇتقىن، كۆزۈڭنى ئۇلاردىن ئايرىمىغىن، چۈنكى ئۇلار ئىشەنچلىكتۇر.

يامان دوستتىن قاتتىق ھەزەر ئەيلىگىن، چۈنكى ئۇ دىنىڭنى بۇزىدۇ، ئەيىپلىرىڭنى يوشۇرۇپ سەت ئىشىڭنى چىرايلىق، چىرايلىق ئىشىڭنى سەت كۆرسىتىدۇ، سېنى يامان ئىشلارغا ئېلىپ بارىدۇ، پەزىلەتتىن يىراقلاشتۇرىدۇ، گۇناھ ۋە ھالاكەتلىك ئىشلارغا جۈرئەت قىلغۇزىدۇ. «ھەمراھ سۆرەيدۇ» دەيدىغان گەپ بار. ئۇ سېنى رەسۋالىققا ۋە نومۇسسىزلىققا باشلايدۇ. بۇ يەردە سېنىڭ ھاراق، تاماكىغا ياكى زەھەرلىك ئىچىملىكلەرگە خۇمار بولۇشىڭلا خەتەرلىك ئەمەس، بەلكى ئازغۇن ئېتىقاد، بۇزۇق پىكىرلەرگە چۈشۈپ قېلىشىڭ ئۇنىڭدىن بەك خەتەرلىكتۇر. چۈنكى ئەقىدىسى بۇزۇق ئادەم ئىسلام شوئارلىرىنى ۋە گۈزەل ئەدەپ ئەخلاقنى كۆزىگە ئىلمەيدۇ، گۇناھ-مەئسىيەتتىن ئۆزىنى تارتمايدۇ، ئۇنىڭغا ئىشىنىپ ئامانەت قويغىلى بولمايدۇ، ھەققى باتىل قىلىپ كۆرسىتىدۇ. يامان دوست پەقەتلا پالەچ بىر ئەزا بولماستىن ئۆتكىنى چوققا ئوخشاش بۇزغۇنچىلىقى داۋام قىلىدىغان زەھەرلەنگەن بىر ئەزادۇر.

بىر ئەسەردە «يامان ھەمراھتىن ساقلان، چۈنكى سەن ئۇنىڭ بىلەن تونۇلىسەن» دەپ كەلگەن.

بىر شېئىردا كەلگەندەك «ئىنساننىڭ ئۆزى توغرىلىق سورىماي يېقىنلىرىدىن سورا، ھەر كىشى يېقىنلىرىغا ئەگىشىدۇ. بىر قەۋمنىڭ ئىچىدە بولساڭ ياخشىلىرىغا ھەمراھ بول، ناچارغا ھەمراھ بولما، ناچارغا ھەمراھ بولساڭ ئۇنىڭ بىلەن كېتىپ قالىسەن»[2].

## 3. سەلبىي ئۆچۈرلار

چوڭ بولسۇن، كىچىك بولسۇن، پۈتۈن كىشىلەرنىڭ ئەقىللىرىدە تەشۋىقاتنىڭ سەلبىي تەسىرى بار. تەشۋىقات كۆز بىلەن كۆرۈلىدىغان، قۇلاق بىلەن ئاڭلىنىدىغان ئىككى تۈرلۈك بولۇپ، ئىككىلى تۈرى ياشلارنىڭ تۇيغۇلىرىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ ۋە ئەقىللىرىنى بۇلغايدۇ. ئۇ خىتاب بىلەن ھېس-تۇيغۇلار ئۇرغۇپ روھنىڭ ئىچكى قىسىملىرى قوزغىلىپ، ياشنىڭ

[1] صحيح البخاري (7/96) - - 5534نۇمۇرلۇق ھەدىس.

[2] جاھىلىيەت شائىرى ئەدى ئىبنى زەيد ئەلئىيادى

شەخسىيىتىگە تەسىر كۆرسەتىدىغان سەلبىي ئۆرنەكلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ھەتتا كۆپىنچە ياشلار مەدەنىيەتسىز ۋە شەخسىيەتسىزلىكتىن، ئۆزى ياخشى كۆرگەن، كۆڭلى تارتقان ئۇسلۇبتا شەكىللەندۈرۈشكە باشلىدى. تەشۋىقات ئىككى بىسلىق قورال بولۇپ، ياشلار ئۈچۈن مەنپەئەتلىك دېيەلىشىمىزمۇ، ئېزىپ كېتىش ئامىللىرىدىن بىرى دېيەلىشىمىزمۇ مۇمكىن. رېئاللىققا قارايدىغان بولساق تەشۋىقات ۋاستىلىرى تارقىتىۋاتقان كارتون فىلىمدىن باشلاپ جەمئىيەتنىڭ ژانىرىدىكى ياكى قورقۇنچلۇق فىلىملەرگىچە ھەممىسىدىكى تەپسىلىي چىقىۋاتقان تاڭسا، زىنا، زەھەرلىك ئىچىملىكلەر، ئوغرىلىق جىنايەتلىرى ياشلىرىمىزنىڭ ئىستىلىي ۋە پىكرىي جەھەتتە ئېزىپ كېتىش سەۋەبلىرىدىندۇر.

## 4. مۇھىت

مۇھىتنىڭ ئىنسانغا ئالاھىدە تەسىرى بولغانلىقى ئۈچۈن «ئىنسان مۇھىتنىڭ ئوغلانىدۇر» دېيىلگەن.

ئەگەر ياشلار ئەخلاق ۋە پەزىلەت بىلەن پەخىرلىنىدىغان مۇھىتتا تەربىيەلەنسە، ئەخلاق ـ پەزىلەت بىلەن پەخىرلىنىدىغان بولىدۇ. ئەگەر ئەخلاقىي ۋە پىكرىي جەھەتتىن زەھەرلەنگەن بىر مۇھىتتا تەربىيەلەنسە ئۇمۇ شۇنداق بولىدۇ.

ئىنسان تەسىرلىنىدۇ ھەم تەسىر كۆرسىتىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن «ھەر بىر بالا ساغلام تەبىئەت بىلەن تۇغۇلىدۇ، ئاتا ئانىسى ئۇ بالىنى يەھۇدىي قىلىدۇ ياكى خىرىستىيان ياكى مەجۇسىي قىلىدۇ.»[1] ئىنسان روھى ياخشىلىق ۋە يامانلىقنى قوبۇل قىلىدۇ، روھنىڭ تۈزۈلۈش ۋە بۇزۇلۇش خۇسۇسىيىتى بار، مۇھىت شۇنىڭ بىرىنى ئاسانلاشتۇرىدۇ ياكى قىيىنلاشتۇرىدۇ. ئەخلاق زىرائەتكە ئوخشايدۇ، زىرائەت باغۇەن قانچىكى پەرۋىش قىلغانسىرى ياخشى مېۋە بەرگىنىدەك، ئەخلاقمۇ كۆڭۈل بۆلگەنسىرى گۈزەللىشىدۇ.

ياشلارنىڭ ئىستىلى ۋە روھىنى چۈشكۈنلۈك قاپلىغان مۇھىتتا ياشاپ قېلىشى ئەڭ خەتەرلىك ئىشتۇر. مەيلى ئۇ مۇھىت ئۆي بولسۇن ياكى كوچا مۇھىتى بولسۇن، ھەممىسى تەسىر قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن تەربىيەچى ئالىملار: ئىنسانغا ئۆسمۈر ۋاقتىدىن باشلاپ ئاۋۋال ئۆيدە، كېيىن مەكتەپتە ۋە كوچىدا ياخشى مۇھىت ھازىر بولۇشى كېرەك دېگەن. چۈنكى ئىنسان ئارىلاشقان نەرسىلەر بىلەن چوقۇم تەسىرلىنىدۇ. ئۆي، مەكتەپ ۋە كوچا دېگەن ئىنسان ھاياتىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مۇشۇ ئورۇنلار ياخشى بولسا ئىنسان ياخشى بولىدۇ. مانا بۇلار ياشلارنىڭ ئېزىپ كېتىشىگە سەۋەب بولۇۋاتقان بىر قىسىم ئامىللاردۇر.

ئاگاھلاندۇرۇش ۋە ھەل قىلىشقا يۈزلىنىش ئۈچۈن بۇ تېمىنى ئەسكەرتتۇق، ياشلىرىمىز ۋە تەربىيەچى ئۇستازلىرىمىز دىققەت قىلغاي. ئاللاھتىن بىزگە ۋە قېرىنداشلىرىمىزغا ساقلىق ۋە ئامانلىق تىلەيمىز. دۇئايىمىزنىڭ ئاخىرى ئالەملەرنىڭ رەببى ئاللاھقا ھەمدە ئېيتىشتۇر.

بۇ ماقالىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى: ئابدۇلئەھەد ھافىز

[1] صحيح البخاري (2/94) ـ 1358نۇمۇرلۇق ھەدىس



# ھۆكمى ئىلاھىي

ئاپتورى: ئەللامە شەمسىدىن داموللام | تەييارلىغۇچى: ئەركىن تالىپ

﴿قُلْ إِن كَانَ آبَاؤُكُمْ وَأَبْنَاؤُكُمْ وَإِخْوَانُكُمْ وَأَزْوَاجُكُمْ وَعَشِيرَتُكُمْ وَأَمْوَالٌ اقْتَرَفْتُمُوهَا وَتِجَارَةٌ تَخْشَوْنَ كَسَادَهَا
وَمَسَاكِنُ تَرْضَوْنَهَا أَحَبَّ إِلَيْكُم مِّنَ اللَّهِ وَرَسُولِهِ وَجِهَادٍ فِي سَبِيلِهِ فَتَرَبَّصُوا حَتَّىٰ يَأْتِيَ اللَّهُ بِأَمْرِهِ ۗ وَاللَّهُ لَا يَهْدِي
الْقَوْمَ الْفَاسِقِينَ﴾[1]

ئاللاھ تائالا بۇ يەردە ئادەملەر ياخشى كۆرىدىغان نەرسىلەردىن مۇھىمراق سەككىز نەرسىنى[2] زىكىر قىلىپ، خۇدا يولىدا غازات قىلىشنى ۋە ئىماننى ئۇلاردىن ئارتۇق ۋە ئەۋزەل دەپ بايان قىلدى.

يەنى: «ئېيتقىن! ئەي مۇھەممەد پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، ئەگەر سىلەرنىڭ ئاتاڭلار، ئوغۇللىرىڭلار، بىر تۇغقان بۇرادەرلىرىڭلار، خاتۇنلىرىڭلار، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىڭلار، كەسىپ قىلىپ تاپقان ماللىرىڭلار، كاسات بولۇپ كېتىشىدىن قورقىدىغان تىجارەتلىرىڭلار، ياخشى كۆرىدىغان جاي ۋە ھويلا ـ ئىمارەتلىرىڭلار سىلەرگە خۇدادىن ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىدىن ۋە ئۇنىڭ يولىدا كاپىرلار بىلەن جەڭ قىلىشتىن ياخشىراق ۋە سۆيۈملۈكرەك بولسا، سىلەر كۈتۈڭلار، تاكى خۇداۋەندە تائالا ئۆز ئەمرىنى كەلتۈرگەي ۋە سىلەرگە ئازاب ئەۋەتكەي.»

[1] سۈرە تەۋبە، 24 ـ ئايەت. ــ ت.
[2] بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان سەككىز نەرسە مەزكۇر ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان بولۇپ ئۇلار: ئاتا ـ ئانىلار؛ پەرزەنتلەر؛ قېرىنداشلار؛ ئاياللار؛ ئۇرۇق ـ تۇغقانلار؛ مال ـ دۇنيا؛ تىجارەت؛ ئۆي ـ ئىمارەتلەر. ــ ت.

ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ تائىتىدىن چىققان فاسىقلارنى مەنپەئەتلىك ياخشى ئىشلارغا ھىدايەت قىلمايدۇ».[1]

مانا بۇ بولسا ئاشۇنداق خۇدانىڭ تائىتىدىن چىققان ۋە ئۆزىنىڭ مال ـ مۈلۈكلىرىنى، بەلكى قىز ـ ئوغۇل پەرزەنت، ئائىلە، ئاتا ـ بالا، خاتۇن،تۇغقان ۋە قەۋم ـ قېرىنداشلىرىنى خۇدا يولىدا غازات ۋە جىھاد قىلىشتىن ياخشىراق بىلىپ، خۇدا يولىدا سەرپ ئەتمەكتىن ئاياپ، بېخىللىق قىلغانلارغا قاتتىق قورقۇنچلۇق بىر ئاگاھلاندۇرۇشدۇركى، بۇلار مەزكۇر نەرسىلەرنى ياخشى كۆرۈپ، خۇدانىڭ ئەمرىگە مۇخالىپەتچىلىك قىلىپ غازاتتىن قېچىش، جان ۋە مېلىنى ئاياش بىلەن تامامەن زايە بولىدۇ. ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئىسلاھ بولۇشى، ئۇتۇق قازىنىشى، نىجاتلىقى ۋە سائادەتلىرىگە يول تاپمايدۇ.

قۇرئان كەرىمدە «ئىتتىھاد» يەنى بىرلىككە خالايىقنى تەرغىب قىلىدىغان ئايەتلەر كۆپ تەكرارلانغاندۇر. ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەربىر ئۈممەت ۋە ھەربىر قەۋم مادامىكى ئىتتىپاق بولۇپ بىرلەشمىسە، ئۇلارغا سائادەت ۋە ياخشى كۈن كۆرمەك نېسىپ بولمايدۇ.

بىرلىك دېگەن كۆڭۈللەرنىڭ بىر ـ بىرى بىلەن چىقىشىشى ۋە ئۈلپەتچىلىك ھاسىل قىلىشى بىلەنلا بولىدۇ. كۆڭۈل تېپىشماي ئېغىز بىلەن قىلغان سۆزنىڭ ئانچە ئېتىبارى بولمايدۇ.

ھەر قاچان كۆڭۈللەر تەلپۈنىدىغان تەرەپلەر باشقا، مەقسەتلەر ئۆزگە بولسا، ئەلۋەتتە ئۈممەتكە پاراكەندىلىك يۈزلىنىدۇ ۋە ھېچكىمگە خاتىرجەملىك ۋە تىنچلىق نېسىپ بولمايدۇ. ئەنە كۆز ئالدىمىزدىكى ۋەقەلەر ئۇنىڭغا دەلىلدۇر. شۇڭلاشقا ئىمان ۋە خۇدا يولىدا كاپىرلار بىلەن غازات قىلىشنىڭ بۇ قەدىرلىك ۋە ئارزۇلۇق بولغان سەككىز نەرسىدىن ئەۋزەل ۋە سۆيۈملۈكرەك بولۇشى ـ بارلىق ئۈممەتنىڭ بىرلىككە ئاساس ۋە سەۋەب بولۇر ئىدى. ئۇنىڭ ئەكسىچە سەككىز نەرسىنى جىھادتىن ياخشى كۆرۈش ئۈممەتنىڭ بىر ـ بىرىدىن ئۈزۈلۈپ، تارىلىپ كېتىشىگە سەۋەب بولۇر ئىدى. بۇ بىرلىك ۋە «ئىتتىھاد» پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىدىمۇ زىيادىسى بىلەن مەۋجۇت ئىدى. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالا دەيدۇكى: ﴿لَقَدْ نَصَرَكُمُ اللَّهُ فِي مَوَاطِنَ كَثِيرَةٍ

[1] بۇ ئايەتنىڭ تەرجىمىسى ئەللامە مۇھەممەد سالىھ داموللا ھاجىم تەرجىمە قىلغان قۇرئان كەرىمنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسدە مۇنداق ئېلىنغان: «ئېيتقىنكى، ئەگەر سىلەرنىڭ ئاتائىلار، ئوغۇللىرىڭلار، قېرىندىشىڭلار، خوتۇنلىرىڭلار، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىڭلار، تاپقان پۇل ـ ماللىرىڭلار، ئاقماي قېلىشىدىن قورققان تىجارىتىڭلار، ياخشى كۆرىدىغان ئۆيلىرىڭلار سىلەر ئۈچۈن ئاللاھتىن، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىدىن ۋە ئاللاھنىڭ يولىدا جىھاد قىلىشتىنمۇ سۆيۈملۈك بولسا، ئۇ ھالدا سىلەر تاكى ئاللاھنىڭ ئەمرى كەلگۈچە كۈتۈڭلار، ئاللاھ پاسىق قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ». ـــ ئەللامە مۇھەممەد سالىھ داموللا ھاجىم: «قۇرئان كەرىم ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى»، سۈرە تەۋبە، ـ 24ئايەتكە قاراڭ. ـــ ت.

﴿وَيَوْمَ حُنَيْنٍ إِذْ أَعْجَبَتْكُمْ كَثْرَتُكُمْ فَلَمْ تُغْنِ عَنكُمْ شَيْئًا وَضَاقَتْ عَلَيْكُمُ الْأَرْضُ بِمَا رَحُبَتْ ثُمَّ وَلَّيْتُم مُّدْبِرِينَ﴾[1].

«قەسەمكى، نۇسرەت ۋە ياردەم قىلدى خۇدا سىلەرگە، ئەي مۇئمىنلەر! كۆپ جەڭ ئورۇنلىرىدا»[2] مەسىلەن: بەدرده، قۇرەيزە ـ نەزىر جېڭىدە، ھۇدەيبىيەدە، خەيبەردە ۋە مەككە فەتھە بولغان كۈندە.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ غازاتلىرى ئون توققۇز قېتىمغا يەتكەن، ئۇنىڭدىن سەككىزىگە ئۆزى چىقىپ بىۋاسىتە جەڭ قىلغان. ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ غازاتلىرى ۋە ئەۋەتكەن قوشۇنلىرى ـ ئۈچتىن كەم دۈشمەن تەرەپكە ئەۋەتكەن ئەسكىري ئەترەتلىرى، ئۈچتىن ئارتۇق ئۈچيۈز ـ تۆتيۈزگىچە ئەۋەتكەن ئەسكىرى ھەممىسى سەكسەندۇر[3]. بۇ يەردە[4] ئۇلاردىن بىرىنى زىكىر قىلىپتۇركى، ئۇ ھۇنەين دېگەن جايدىكى ئۇرۇشتۇر. ھۇنەين دېگەن مەككە مۇكەررەمە بىلەن تائىف شەھرىنىڭ ئارىسىدىكى بىر جىلغىدۇركى، مەككە مۇكەررەمەدىن سەكسەن يول كېلىدۇ.

ئاللاھ تائالا بۇ ئايەت بىلەن بىزلەرگە بىلدۈرىدۇركى، ھەر ئورۇندا مۇئمىنلەرنىڭ نۇسرەت ۋە ياردىمىگە خۇدا ئۆزى ئىگە بولىدۇ. ھەر كىشىگە خۇدا ئۆزى نۇسرەت بەرسە ھېچ دۈشمەن ئۇنىڭغا غالىب بولالمايدۇ.



بۇ ماقالىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى: فارۇق مۇھتەرەم

[1] سۈرە تەۋبە ـ 25ئايەت. ــ ت.

[2] بۇ ئايەتنىڭ تەرجىمىسى ئەللامە مۇھەممەد سالىھ داموللا ھاجىم تەرجىمە قىلغان قۇرئان كەرىمنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىدە مۇنداق ئېلىنغان: «ئاللاھ سىلەرگە نۇرغۇن جەڭ مەيدانلىرىدا ۋە ھۇنەين كۈنىدە ھەققەتەن ياردەم بەردى». ــ ئەللامە مۇھەممەد سالىھ داموللا ھاجىم: «قۇرئان كەرىم ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى»، سۈرە تەۋبە، ـ 25ئايەتكە قاراڭ. ــ ت.

[3] پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزى قاتناشقان جەڭلىرى، ئەۋەتكەن قوشۇنلىرىنىڭ سانى ھەققىدە ئاپتور ئېيتقاندەك ۋە ئۇنىڭدىمۇ پەرقلىق ھەرخىل كۆز قاراشلار مەۋجۇت. ــ ت.

[4] يۇقىرىقى ئايەتتە دېمەكچى. ــ ت.

ماقالە ئاپتورى ئەللامە شەمسىدىن تۇردى داموللام ـ 1874يىلى ئاتۇشنىڭ تۆكۈل كەنتىدە تۇغۇلغان، ئۇ قەشقەر ۋە بۇخارالاردىكى يۇقىرى بىلىم يۇرتلىرىدا ئىلىم تەھسىل قىلىپ كاتتا ئالىم بولۇپ يېتىشكەن، ئۇ ـ 1905يىلدىن تارتىپ قەشقەر خانلىق مەدرىسەسىدە مۇدەررىسلىك قىلىپ كۆپ تالىپلارنى يېتىشتۇرگەن. ـ 1929يىلى ھەج سەپىرىدە ھىندىستان، ئەرەبىستاندىكى ئاتاقلىق ئۆلىمالار بىلەن ئىلمىي سۆھبەتلەردە بولۇپ ئۇلارنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن. ئەللامە شەمسىدىن داموللام «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» ئەۋقاف مىنىستىرلىكىنىڭ نازىرى بولغان. ئۇ ئۇيغۇر، ئەرەب، پارس تىللىرىدا كۆپ شېئىرلارنى ۋە ئىلمىي ئەسەرلەرنى يازغان. «مۇھىمماتۇز زەۋجەيىن» ناملىق ئەسەر مۇشۇ زاتنىڭ ئەسىرىدۇر، ئەللامە شەمسىدىن داموللام ـ 1934يىلى ۋاپات بولغان. ــ ئەللامە ئابدۇلھەكىم مەخسۇمھاجى: «تەجەللىي مۇجەللىي»، 11 ـ بەت؛ مىرئەھمەت سېيىت، يالقۇن روزى: «مەمتىلى ئەپەندى»، ـ 184 ـ 183بەتلەرگە قاراڭ، ــ ت.

مەنبە: «شەرقىي تۈركىستان ھاياتى» ناملىق گېزىتىنىڭ 1933 ـ يىلى 2 ـ ئۆكتەبىر دۈشەنبە كۈندىكى 7 ـ سانى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن بىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com




## تەرجىمە قىلغۇچىدىن ئىلاۋە:

بۈيۈك ئىسلاھاتچى، كاتتا ئالىم مۇھەممەد رەشىد رىزا تەرىپىدىن 1898-يىلى تەسىس قىلىنغاندىن باشلاپ تاكى 1940-يىلغىچە قاھىرەدە ئەرەب تىلىدا چىقىرىلغان ئۇنىۋېرسال ئايلىق ژۇرنال-«مەنار» ژۇرنىلى ئىسلام دۇنياسىدا ئالاھىدە شۆھرەتكە ئىگە بولۇپ، بۇ ژۇرنالنىڭ 1933-يىلى دېكابىردىكى سانىغا دۆلەت ئاتىسى، ئەللامە شەھىد سابىت دامولla ھاجىمنىڭ ئەرەبچە يازغان «شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابى» ناملىق ماقالىسى بېرىلگەن

بۇ ماقالىدا 1931-يىلى قوزغالغان شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابى باشلىنىش ھارپىسىدىكى خىتايلارنىڭ خەلقىمىزگە قىلغان زۇلۇملىرى، ئىنقىلابنىڭ باشلىنىش-راۋاجلىنىش جەريانلىرى ۋە تۇڭگانلارنىڭ خەلقىمىزگە قىلغان خىيانەتلىرىدىن ئىبارەت بىر قاتار تارىخى ۋەقەلىكلەر قىسقىچە بايان قىلىنغان.

بۇ ماقالىدىكى بىر قىسىم يېڭى ئۇچۇرلار مەلۇم تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە، ماقالە ئىلاۋە قىسمىدا بېرىلگەن: ئەللامە شەھىد سابىت دامولla ھاجىمنىڭ مۇھەممەد رەشىد رىزاغا بىر قانچە قېتىم مەكتۇپ يوللاپ، ئۇنىڭدىن شەرقىي تۈركىستاندا يېڭى قۇرۇلغان ھۆكۈمەتكە «ئىسلامىي ئاساسىي قانۇن» تۈزۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلىشى توغرىسىدىكى قىسقا ئۇچۇر دىققەت تارتىدۇ. مۇھەممەد رەشىد رىزانىڭ دوستى ئەللامە شەھىد سابىت دامولla ھاجىمنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ تىلغا ئالغان تەۋسىيلىرى بولسا كىشىنى ئېپتىخارلاندۇرىدۇ.

بۇ ماقالە ئەينى دەۋردىكى بىر قىسىم ۋەقەلەرنىڭ بىۋاسىتە رولچىسىنىڭ قەلىمىگە مەنسۇپ بىرىنچى قول ماتېرىيال ۋە مۇھىم تارىخىي ۋەسىقىلىق قىممەتكە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن بىز بۇ ماقالىنى ئەسلىي ئەرەبچە نۇسخىسىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلدۇق.

ماقالىنىڭ تەرجىمە نۇسخىسىغا مۇناسىۋەتلىك ئوقۇرمەنلەرنىڭ ۋاقىپلىنىشى زۆرۈر بولغان تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە نۇقتىلار مەۋجۇت:

1. ماقالىنىڭ بېشىدىكى تىك تىرناق [] ئىچىگە ئېلىنغان ئىلاۋە بۈيۈك ئالىم مۇھەممەد رەشىد رىزا تەرىپىدىن ماقالىگە يېزىلغان ئىلاۋىدۇر.

2. ماقالىنىڭ ئاساس قىسمىدىكى «غازىي مۇھەممەد نىياز، رەئىس، مەزكۇر رەئىس، مەزكۇر غازىي» دەپ ئېلىنغان كىشى خوجانىياز ھاجىمنى كۆرسىتىدۇ. ئەسلىي ئەرەبچە نۇسخىسىدا شۇنداق ئېلىنغان.

3. ماقالىنىڭ ئاساس قىسمىدىكى يالاڭ تىرناق () ئىچىگە ئېلىنغان مىلادىيە يىل، ئاي، كۈنلىرى، ۋە تولۇقلىما سۆزلەر كەمىنە تەرىپىدىن بېرىلگەن. چۈنكى ئەسلىي ئەرەبچە ماقالىدە يىل-تارىخ ھىجرىيە كالېندارى بويىچە ئېلىنغان ۋە بەزى جايلاردىكى جۈملىلەر ناھايىتى ئىخچاملانغان سەۋەبلىك يالاڭ تىرناق ئىچىگە تولۇقلىما سۆزلەرنى قىستۇرۇشقا توغرا كەلدى.

4. ماقالىنىڭ ئىزاھات قىسمىدىكى ئىزاھلارنىڭ ھەممىسى «مەنار» ژۇرنىلى تەرىپىدىن بېرىلگەن بولۇپ، بۇ ئىزاھلار ئەينەن تەرجىمە قىلىنىپ، ئەسلىدىكىدەك ماقالىنىڭ ئىزاھات قىسمىدا بېرىلدى، كەمىنە ـ تەرجىمان تەرىپىدىن ئىزاھات قىسمىغا ھېچقانداق ئىزاھلار بېرىلمىدى.

5. ماقالىدە بەزى مۇھىم شەخسلەرنىڭ ئىسىملىرى بېرىلمەي كىنايە قىلىپ ئۆتۈلگەن ۋە ئالاقىدارلىق ۋەقەلەر قىسقىچە ئىشارە قىلىپلا قويۇلغان، تەپسىلاتلار بېرىلمىگەن، بۇ ھەقتىكى تەپسىلاتلار ئۈچۈن ئوقۇرمەنلەرنىڭ مۇناسىۋەتلىك تارىخىي ماتېرىياللارغا مۇراجىئەت قىلىشىنى ھاۋالە قىلىمىز.

## شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابى

[«مەنار» ژۇرنىلىغا ئەۋەتىلگەن بۇ يازما مۇجاھىدلارنىڭ ئىنقىلاب ئەركانلىرىدىن بىرى بولغان دوستىمىز، ئۇستاز، تەقۋادار ئالىم، شەيخ سابىت ئابدۇلباقىنىڭ ـ ئاللاھ ئۇنىڭغا كۈچ-قۇۋۋەت ئata قىلسۇن ـ قەلىمىگە مەنسۇپتۇر.

ئۇ بۇ يازما بىلەن بىرگە ئىلگىرىكى مەكتۇپىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، بىرگە ئايرىم يەنە بىر مەكتۇپ يوللىغان بولۇپ، ئۇنىڭدا بىزدىن ئۇلارنىڭ يېڭى ھۆكۈمىتى ئۈچۈن «ئىسلامىي ئاساسىي قانۇن» تۈزۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان. ئىنشائاللاھ يات يېقىندا تۈزۈپ بەرمەكچىمىز.]

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ نامى بىلەن باشلايمەن

ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ ئېيتىمىز، ئاللاھنىڭ ھەبىبى مۇستەفا ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇيمىز، كاپىرلار يامان كۆرسىمۇ چوقۇمكى ئاللاھ تائالا ھەقنى ھەق قىلىپ، باتىلنى تارمار قىلىدۇ.

ئۇلۇغ ئالىم، ئۇستاز، ئۆلىمالار رەئىسى، ئېسىل، فازىل، شەيخ مۇھەممەد رەشىد رىزا ھەزرەتلىرىگە :

بىز ۋە جىمى مۇسۇلمانلار مەنپەئەتى ئۈچۈن ئاللاھ ئۇنىڭ ئۆمرىنى ئۇزۇن قىلىپ بەرسۇن، ئامىن!

ھۆرمەت ئۇنچىلىرىدىن، سالام غۇنچىلىرىدىن ھەدىيە سۇنغىنىمدىن كېيىن، ئالىي ماقام ھەزرەتلىرىگە شۇنى خەۋەر قىلىمەنكى:

ئۇلۇغ ۋەتىنىمىز (شەرقىي تۈركىستان) ئەللىك سەككىز يىلدىن بېرى قارا نىيەت كاپىر زالىملارنىڭ تۇرمىسىدە خار-زەبۇنلۇق كويىزا-كىشەنلىرى سېلىنىپ ئەسىرگە چۈشكەن ئىدى.

كاپىر زالىملار شەرقىي تۈركىستان ئاھالىلىرىنى خوجايىن قۇلنى باشقۇرغاندەك باشقۇراتتى، بەلكى ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ئۇلار ھەرقانداق خارلىنىشقا لايىق، ھەرقانداق زەبۇندىنمۇ زەبۇن ھېسابلىناتتى.

ئۇلار شەرقىي تۈركىستان ئاھالىلىرىگە ھەر خىل پاساتچىلىقلارنى ۋە ھەر تۈرلۈك زۇلۇم-ستەملەرنى ھەددىدىن زىيادە قىلاتتى، شۇ دەرىجىگە يەتكەنكى، كاپىرلارنىڭ زۇلمى تۈپەيلىدىن ئۇلارنىڭ قوللىرىدا ئۆزلىرى ئىگە بولالايدىغان بىر نەرسە قالمىغان ئىدى. خۇددى بارلىق شەرقىي تۈركىستان ئاھالىسى ئۇلارنىڭ قۇلىدەك ئىدى. ئۇلارنىڭ ماللىرىنى ئۆزلىرىنىڭ ماللىرىدەك خالىغانچە تەسەررۇپ قىلاتتى.

زالىملار بەزىدە ئۇلارنىڭ ماللىرىنى بۇلىۋالسا، يەنە بەزىدە ھەددىدىن زىيادە ئارتۇق باج[1] ۋە خىراج ئالاتتى. جامائەت ئەربابلىرىنى ئۆلتۈرەتتى.

ئۇندىن باشقا يەنە ئۇلارنىڭ بۇيرۇغان ئىشلىرىنى ئازراق كېچىكتۈرۈپ قالغان كىچىك باللارنىمۇ ئۇرۇپ باشلىرىنى يېرىۋېتەتتى. پېقىرلارنى ئازراق كېچىكىپ قىلىشى سەۋەبلىك شەھەر-يېزا بازارلىرىدا سازايى قىلاتتى.

ئۇزۇن كېچىككەندە قانداق بولماقچىدى؟ ئۇ چاغدا ئۇلاردىن بىرلىرى پېقىرلارنى كىشەنلەپ تۈرمىگە سولايتتى.

[1] باج: ھەمزەلىك ئوقۇلىدۇ، يەڭگىللىتىپ ئەلىف بىلەنمۇ ئوقۇلىدۇ، كۆپلۈك شەكلى «ابواج»، ئۇ قوي-ئۆلاغلاردىن ئېلىنىدىغان سېلىق ۋە باراۋەر بېرىش يولى دېگەن مەنىلەرنى كۆرسىتىدۇ،ــ مەنار ژۇرنىلى.

مەزكۇر مۇددەتتە بولۇپمۇ جىن جاڭجۇن (جىن شۇرېن) دەۋرىدە بۇ زۇلۇملار ئاشقان ئىدى، ئۇ ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ۋالىيسى ئىدى، ئۇ ناھايىتى ھەددىدىن ئاشقانكى ۋەتەنداشلارغا چىدىغۇسىز زۇلۇم قىلغان ئىدى.

سىناق جاملىرىدىن زەھەرلەرنى[1] ئىچكەندىن كېيىن تاقىتى توشقان شەرقىي تۈركىستان ئاھالىلىرىنىڭ ئىچىدىن ھىجرىيە 1349 - يىلى (مىلادىيە 1931 - يىلى) قۇمۇللۇق باتۇر، قەھرىمان، ئىنقىلاب رەئىسى غازى مۇھەممەد نىياز ھاجى چىقتى.

ئۇ خالىس نىيەت بىلەن ئاللاھ يولىدا كاپىرلارغا جىھاد ئاچتى.

ئۇ ئاللاھنىڭ بۈيۈك كەلىمىسىنى ئۈستۈن قىلىش، ئىسلام مىللىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئەسىرگە ئېلىنغان مۇسۇلمانلارنى ئازاد قىلىش ۋە ئەزىز ۋەتىنىنى زالىملارنىڭ قولىدىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن، بۇ يولدا جېنىنى، مېلىنى ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى ئاتىدى، ئاخىرى ئىككى يېرىم يىل مۇددەتتە قۇمۇللۇقلارنى كاپىرلارنىڭ قولىدىن قۇتقازدى.

ئۇ ئاللاھنىڭ نۇسرىتى بىلەن مىڭلارچە زالىم كاپىرلارنى ئۆلتۈردى. بۇ مۇددەتتە ئاللاھتىن باشقا ئۇنىڭغا ھېچ بىر ياردەم بەرگۈچى يوق ئىدى.

تۇڭگان پىرقىسىدىن[2] ياردەم بەرگۈچىلەر تۈكۈل بىرەرسىنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى.

رەئىس غازىي ئۆزىنىڭ ۋە بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ دۈشمىنى بولغان كاپىرلار بىلەن قۇمۇلدا ئېلىپ بېرىلغان جەڭدە، ئاللاھنىڭ ياردىمى بىلەن قۇمۇلنى فەتھ قىلىپ، بىكار بولغاندىن كېيىن، تۇرپان تەرەپتىن ھىجرىيە 1351 - يىلى رامىزاننىڭ 15 - كۈنىدە (1933 - يىلى 13 - يانۋار) «بىز تۇرپان كاپىرلىرىنى ھالاك قىلىپ تۇرپاننى ساق - سالامەت قولىمىزغا ئالدۇق» دېگەن خەۋەر كەلدى. ئۇلار ئۆزئارا تەبرىكلەشتى. بۇ كەمگىچە تۇڭگانلار بەخىرامان ئۆيلىرىدە ئۇخلاۋاتاتتى. مەزكۇر غازىينىڭ كۆپ سانلىق كاپىرلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلغانلىق خەۋىرى تارقالغاندا، شۇ چاغدا ئۇنىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ قولىدا پەقەت قاتارغا ئالغۇچىلىكى يوق مىلتىق، ئازراق قىلىچ، ئورغاق، جوتۇ قاتارلىقلارلا بار ئىدى،— بۇ خەۋەر توغرىمۇ، خاتامۇ؟ بىلىپ بېقىشقا مەلۇم بىر تۇڭگان كەلدى.

ئۇ ھەققىي ئەھۋالنى كۆرگەندىن كېيىن ئاقساقىلىنىڭ قېشىغا قايتىپ بۇ خەۋەرنى يەتكۈزدى، ئاقساقىلى بىر بۆلۈك ئەسكەرلىرىنى ئەۋەتتى، ئۇلار كېلىپ: «بىز كاپىرلارنى ئۆلتۈرۈپ يۇرتۇڭلارنى فەتھ قىلىشقا ياردەم بېرىمىز» دېگەندە،— رەئىس: «بولدۇ» دەپ جاۋاب بەردى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار رەئىس غازىينىڭ ئەسكەرلىرىگە

[1] بۇ جاي ئەسلىي قولىيازمىدا مۇشۇنداقكەن، بىر گەپ چۈشۈپ قالغان بولسا كېرەك، «ئىنقىلاب رەئىسى» دېگەن سۆز «چىقتى» دېگەن پېئىلنىڭ ئىگىسىدۇر.

[2] تۇڭگان پىرقىسى— تېگى - تەكىدىن چىن مۇسۇلمانلار جامائىتى بولۇپ، ئۇلار تۈركىستان مۇسۇلمانلىرىغا ياردەم بەرمىگەن. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئەخلاقى بۇزۇلغانلىقى ئۈچۈن ۋەتەنپەرۋەرلىكنى ئىسلامىي قېرىنداشلىقتىن ئۈستۈن كۆرىدۇ ۋە شەخسىي مەنپەئەتلىرىنى ۋەتەنپەرۋەرلىكىدىنمۇ يۇقىرى ئورۇنغا قويىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغقى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

قوشۇلدى، ئۇلارنىڭ سانى 36 ئىدى.

ئۇلار چىقىپ كەتكەندىن كېيىن مەزكۇر غازىينىڭ ئەسكەرلىرى تۇرپان ئاھالىلىرى بىلەن بىرلىشىپ قاراشەھەرگە ماڭدى، ئۇلار شۇ يىلى رامزاننىڭ 27 ـ كۈنى (1933 ـ يىلى 25 ـ يانۋار) ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ ياردىمى بىلەن قاراشەھەرنى فەتھە قىلىپ غەنىيمەت ئالدى. ئاندىن ئۇلار شەۋۋالنىڭ بىرىنچى كۈنى (1933 ـ يىلى 29 ـ يانۋار) كورلا شەھىرىنى فەتھە قىلدى، بۇگۇر شەھىرىمۇ ھەم مەزكۇر غازىينىڭ باشقۇرۇش دائىرىسىگە كىردى.

بۇگۇر بۇگۇرلۇك كاتتا بىر كىشىنىڭ كۈچ چىقىرىشى بىلەن فەتھە قىلىنغان ئىدى، بۇ دىندار كىشى بۇگۇرنى فەتھە قىلىپ بولغاندىن كېيىن، بارلىق غەنىيمەتلەرنى بىر ئورۇنغا جۇغلاپ، قاراشەھەر تەرەپتىن كەلمەكچى بولغان بىر باشلىقنى كۈتۈپ تۇردى.

ئاشۇ كۈنلەردە قارا شەھەر پۇقرالىرىنىڭ ئەمىرى بىر تۇڭگان ئىدى، غازىي ئۇنىڭ قارا شەھەر پۇقرالىرىغا كۆيۈنۈشىنى ئۈمىد قىلىپ، ئۇنى ئەمىرلىككە تەيىنلىگەن ئىدى.

بىرقانچە كۈنلەر ئۆتكەندىن كېيىن (قارا شەھەردىن بۇگۇرگە كېلىپ، غەنىيمەتلەرنى بىر تەرەپ قىلىشى) كۈتىلىۋاتقان ھېلىقى تۇڭگان ئەمەلدار (بۇگۇرگە) كەلدى.

ئۇ ئاللاھتىن قورقمايدىغان، مال ـ دۇنياغا ئىنتايىن ھېرىسمەن بولغاچقا غەنىيمەتلەرنىڭ بىر يەرگە توپلاپ قويۇلغانلىقىنى كۆرۈپ، غەنىيمەتلەرنىڭ ھەممىسىنى قارا شەھەردىكى ئۆيىگە ئەۋەتىۋەتتى.ئازراقمۇ بىر نەرسىنى مەزكۇر غازىيغا تاپشۇرمىدى.

ئاندىن ئۇ مەزكۇر فەتھە قىلغۇچىنىڭ (بۇگۇرنى فەتھە قىلغان كىشىنى دېمەكچى) مەزكۇر غازىيغا غەنىيمەتنىڭ خەۋىرىنى يەتكۈزۈپ قويۇشىدىن قورقۇپ، ئۇنى ناھەق ئۆلتۈرۈۋەتتى.

ئۇ ئاللاھقا، ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ۋە مۆئمىنلەرگە خىيانەت قىلدى.

بولۇۋاتقان فەتىھلەرنىڭ خەۋەرلىرى ئاڭلىنىپ، ھەرقايسى شەھەر ـ يېزىلاردىكى زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى كاپىرلار بىلەن جەڭ قىلىپ، ئۆزلىرىنى زالىملارنىڭ قولىدىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ھەرىكەتكە ئۆتۈشكە باشلىدى.

لېكىن ئۇلار ئۆزلىرىگە باش بولىدىغان ۋە ئۆزلىرى كەينىگە كىرىپ كاپىرلار بىلەن ئۇرۇش قىلىدىغان بىر باشنىڭ كېلىشىنى كۈتتى.

بۇ كۈنلەردە مەزكۇر تۇڭگان جامائىتى ھەر تەرەپلەرگە مەسىلەن: قاراشەھەر، تۇرپان، كورلا دېگەندەك شەھەرلەرگە بۆلۈنۈپ كەتكەن ئىدى .

ئۇلار مەزكۇر غازىينىڭ كۆز ئوڭىدا تۇرۇش ۋە ئۇنىڭ ئىزنى بىلەن (يۈرۈشكە

چىقىشتىن باش تارتىپ، بەزىسى كۇچار تەرەپكە كەتتى. شۇ ۋاقىتتا مەزكۇر غازىي ئۇلارنىڭ بۇ ھەرىكىتىگە رازى بولمىغان ئىدى، غازىي ئەمەلىيەتتە رازى بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇ ئۇلارنىڭ قانداقلا بولمىسۇن كاپىرلار بىلەن ئۇرۇشىۋاتقانلىقى ۋە ئۇنىڭ دۈشمەنلىرىنى يوقىتىۋاتقانلىقى ئۈچۈن ئۇلارغا گەپ قىلمايتتى.

غازىي ئۇلارنىڭ كىرگەنلا شەھەرلەردىكى پۇقرالارغا قىلغان زۇلۇملىرىنى ۋە ئىچىدىكى پىسقى ـ پاساتچىلىقلىرىنى تۇيمىغان ئىدى.

كۇچار شەھەر ئاھالىلىرى ۋە كەلگۈندى تۇڭگانلار بولۇپ كۆپ كىشىلەر بىرلىشىپ ھىجرىيە 1351 ـ يىلى شەۋۋال ئېيىنىڭ 24 ـ كۈنى (مىلادىيە 1933 ـ يىلى 21 ـ فېۋرال) كۇچارنى فەتھە قىلدى.

تۇڭگان ئەسكەرلىرى غەنىيمەتنىڭ ھەممىسىنى ئۆزلىرىگە ئېلىۋېلىپ، غەنىيمەتكە خىيانەت قىلىش، پاسىقلىق قاتارلىق قىلمىشلارنى سادىر قىلدى.

مەزكۇر غازىي تۇرپان شەھرى فەتھە قىلىنغاندىن كېيىن كۆپ ئەسكەرلەرنى ئۈرۈمچى شەھرىگە يۈرۈش قىلدۇرۇپ، ئۈرۈمچىنى قاتتىق مۇھاسىرىگە ئالدى.

مۇھاسىرە ئەسناسىدا ئۈرۈمچى ۋالىيسى گۇچۇڭ تەرەپكە ئۆزىنىڭ نەچچە مىڭ قوشۇنى بىلەن قېچىپ كەتتى.

ئۇ ئۆزىنىڭ ئورنىغا بىر ئەسكىرى قوماندانىنى ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ، سۈلھى تەلەپ قىلدى، غازىي ئۇنىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىلماي، مۇھاسىرىنى كۈچەيتتى.

كېيىن غازىي بىر قىسىم ئەسكەرلىرىنى مورى، جىمسار، گۇچۇڭ قاتارلىق يۇرتلارنى فەتھە قىلىشقا ماڭغۇزدى، بۇ ئۈچ يۇرت كاپىرلارنىڭ باشقۇرۇش ئاستىدا ئىدى.

تۇڭگانلارنىڭ باشلىقىمۇ ھەم ئۆزىنىڭ ئەسكەرلىرىنى ئاشۇ شەھەرلەرنى فەتھە قىلىشقا ئەۋەتكەن ئىدى، ئىككى قىسىم بىرلىشىپ كاپىرلار بىلەن قاتتىق جىھاد قىلدى، ئاخىرى ئۇلار بىرلىكتە ئۇرۇش قايناملىرىغا چۆكۈپ بۇ يۇرتلارنى فەتھە قىلدى.

ئاندىن غەنىيمەتلەر جۇغلاندى، تۇڭگان قىسىملىرى كاپىرلاردىن غەنىيمەت ئالغان ئۇرۇش قوراللىرى، ملتىقلار ۋە باشقا خەزىنىلەرنىڭ ھەممىنى ئېلىپ، بىر كېچىدىلا باشلىقىنىڭ قېشىغا كەتتى. غازىينىڭ ئەسكەرلىرىگە مىلتىق ۋە غەنىيمەتلەردىن ھېچنەرسە بەرمىدى.

ئۇلار ئاللاھقا، ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ۋە مۇئمىنلەرگە خىيانەت قىلدى، ئۇلار غەنىيمەتنى قۇرئان، سۈننەت ھۆكمى بويىچە بۆلمىدى.

ئۇلار شەرىئەتتىن چەتنىگەن قىلمىشنى قىلىپ بولۇپ، غازىينىڭ ئەسكەرلىرىگە: «بىز ئۈرۈمچى غازىتىغا چىقمايمىز، ھازىردىن باشلاپ ئۆزۈڭلار يالغۇز ئۈرۈمچى كاپىرلىرى بىلەن ئۇرۇشۇڭلار. ئۆزۈڭلارنىڭ قولۇڭلاردىكى قوراللار بىلەن ئۈرۈمچىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

فەتىھ قىلغۇچىلار» دېدى. ئۇلار نومۇس قىلماي بۇ سۆزنى دېدى.

قېنى دەپ بېرىڭلار ئەي مۇسۇلمان قېرىنداشلار! بۇ ئىسلامنىڭ شوئارىمۇ؟ بۇ نۇرلۇق شەرىئەتنىڭ ھۆكمىمۇ؟ ياكى بۇ ئىنسانىيەتنىڭ يولىمۇ؟ ياكى بۇ ئىنسانپەرۋەرلىكمۇ؟ ياق، ھەرگىزمۇ ئۇنداق ئەمەس .

غازىي ئۇلارنىڭ ئاشۇ ئۈچ يۇرتتا قىلغان خىيانەتلىرىنى كۆرۈپ ۋە ئۇلارنىڭ فەتىھ قىلغان شەھەرلىرىدىكى قىلغان زۇلۇم، تاجاۋۇزچىلىق ۋە پاساتچىلىقلىرىنى ئاڭلاپ ئۇلار بىلەن ئىتتىپاق ئۆتۈشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى جەزملەشتۈردى.

رەئىس غازىي ئۇلارنىڭ قىلغانلىرىغا سەۋر قىلسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئۇلار بىلەن بىر گەپكە كېلىشى مۇمكىن ئەمەستى، چۈنكى ئۇلار ھاۋايى ـ ھەۋەس يولىغا ماڭغان، ئاللاھنىڭ كىتابىنى ئارقىسىغا چۆرۈپ تاشلىغان خائىن مۇناپىقلاردۇر.

ئەگەر ئۇنداق بولمىسا قانداقمۇ بىر مۇۋەھھىد مۇسۇلمان ئەسلا دۇرۇس بولمايدىغان مادارانى كاپىرلارغا قىلىپ، مۇسۇلمانلار بىلەن دۈشمەنلىشىشنى دۇرۇس سانايدۇ ۋە يەنە تۇڭگان قىسىملىرى ھەر قېتىم ئۇرۇش قايىنىمىغا كىرگىنىدە دەرھاللا ختاي تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىپ، ئۇلار بىلەن ئاپاق ـ چاپاق بولۇپ كېتىدۇ ۋە مۇسۇلمانلارغا قارشى ئوق ئاتىدۇ، ئىلگىرى ياركەنت شەھىرىدە قىلغىنىدەكلا ئىسلام ئەسكەرلىرىگە ئۆلۈم قەدەھلىرىدىن (زەھەر) يۇتقۇزىدۇ.

ھازىرمۇ ئۇلار قەشقەر شەھىرىدە پۇقرالارغا كۆز كۆرمىگەن، قۇلاق ئاڭلىمىغان ھەرتۈرلۈك زۇلۇم ـ ستەملەرنى قىلماقتا، شۇنداقكى ئۇلار مۇسۇلمانلارنى ئۆلتۈرۈپ، ماللىرىنى بۇلاپ، ئۆيلىرىنى كۆيدۈرۈپ، دىيارلىرىنى خاراب قىلماقتا.

مەن بايان قىلغان بۇ پاساتچىلىقلار ئىلگىرى تۇڭگانلارنىڭ قولى بىلەن ئېلىپ بېرىلغان ۋە ھازىرمۇ ئېلىپ بېرىلىۋاتقان زۇلۇملارنىڭ مىڭدىن بىرىدۇر.

«ئاللاھ ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا قادىردۇر.»[1]
ئاللاھ بىزنىڭ سۆزىمىزگە گۇۋاھتۇر. ۋەسسالام.
ئىستىقلال مەھكىمىسىنىڭ رەئىسى: شەيخ سابىت ئىبنى ئابدۇلباقى.
ھىجرىيە 1352 ـ يىلى رەجەپنىڭ 15 ـ كۈنى/ مىلادىيە 1933 ـ يىلى 4 ـ نويابىر

بۇ ماقالىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى: فارۇق مۇھتەرەم

[1] يۇسۇف سۈرىسى 21 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
ماقالە مەنبەسى: مەنار ژۇرنىلىنىڭ 1352 ـ يىلى رامىزان (1933 ـ يىلى 31 ـ دېكابىر) دىكى سانى، 33 ـ توپلام 8 ـ قىسىم، 621 ـ بەت.

يېڭى كىتاب...




ئىستانبۇلدىكى ھەر قايسى كىتابخانىلاردا...

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# يېڭى چىققان كىتابلار




## كىتاب ئۇچۇرى

دوكتور ئابدۇرېھىم دۆلەت پىلانلىشىدا «100 نادىر كىتاب» تۈرىنىڭ تۇنجى تۈركۈمدىكى 6 كىتاب (7 پارچە) رەسمىي نەشر قىلىندى. ئىستانبۇلدىكى ھەر قايسى ئۇيغۇر كىتابخانىلىرىدا سېتىلىدۇ.